رىسالەئى نۇر كۇللىياتىدىن

# ئىخلاس رىسالەلىرى


مۇئەللىپى :

بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى



ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى :

تۇرغۇنجان ئالائۇددىن

# İhlas Risaleleri

## (Uygurca Tercümesi)

بۇ كىتاپنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، كىتاپنىڭ ئارقا

قىسمىدىكى «خاتا ـ توغرا جەدۋىلى» نى كىتاپتا

تۈزىتىۋالغاندىن كىيىن ئوقۇشىڭىزنى تەۋسىيە

قىلىمىز.

**Printed at and Published by:**

**İHLAS NUR NEŞRİYAT**

**Sanayi Ticaret Ltd. Şti**

**Sanayi Cad. Sanayi Han A-Blok No: 23/69**

**Ulus – ANKARA**

**Tel: (312) 324 27 09 Fax: (312) 309 13 05**

**Web: www.risale-inur.com.tr**

**e-mail: risale@risale-inur.com.tr**

ISBN 975 – 7456 – 54 – 3

**ANKARA – 2001**

# رىسالەئى نۇر كۇللىياتى ھەققىدە

«قۇرئانى كەرىم » ھەققەتلىرىنى ئىلمى چۈشەنچىگە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىدىغان » رىسالەئى نۇر كۇللىياتى » ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ موھىم مەسىلە بولغان ’’ مەن نەدىن كەلدىم ؟ نەگە كېتىمەن ؟ مېنىڭ ۋەزىپەم نىمە ؟ بۇ مەۋجۇداتلار نەدىن كېلىپ ، نەگە كېتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەقىقىتى نىمە ؟ ‘‘ دىگەندەك سوئاللارغا ئوچۇق شەكىلدە ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئۇسلۇپ بىلەن جاۋاپ بېرىپ ، ئەقىللەرنى يورۇتۇپ ، كۆڭۈللەرنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ » قۇرئان كەرىم » گە ئۇيغۇن پەلسەپىسى بولغان بۇ ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن پەن - تەرەققىياتتىن ئىبارەت بولغان ماددى جەھەتلەرنى ،

يەنە بىر تەرەپتىن ئىمان ، ئەخلاقتىن ئىبارەت بولغان مەنىۋى جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ پەقەتلا ماددى جەھەتكىلا بۆلۈنىدىغان باشقا مەدىنىيەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تەپسىر ئىككى قىسىم بولىدۇ:

بىرى – بىزگە مەلۇم بولغان تەپسىرلەر بولۇپ ، ئۇلار « قۇرئان كەرىم » نىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋە جۈمللىرىنىڭ مەنىلىرىنى بايان قىلىدۇ.

يەنە بىرى – « قۇرئان كەرىم » نىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۈچلۈك دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. مانا بۇ خىلدىكى تەپسىرنىڭ ناھايىتى زور ئەھمىيىتى بار.

رىسالەئى نۇر كۈللىياتى مانا بۇ ئىككىنچى خىلدىكى تەپسىر بولۇپ ، « قۇرئان كەرىم » ھەقىقەتلىرىنى ناھايىتى ئىلمى ئۇسۇلدا بايان قىلىپ نۇرغۇنلىغان پەيلاسوپلارنى قايىل قىلغان مەنىۋى تەپسىردۇر.

ئۇ – سوبىكتىپ نەزەرىيەلەردىن ئۇزاق بىر

شەكىلدە ھەر ئەسىردە مىليونلارچە ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلغان مۇقەددەس كىتاۋىمىز « قۇرئان كەرىم » نىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئۇبكتىپ شەكىلدە ئىزھار قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنغان.

ئۇ ــ « قۇرئان كەرىم » ئايەتلىرىنىڭ نۇرلۇق تەپسىرى بولۇپ باشتىن - ئاخىر ئىمان ھەقىقەتلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. ئۇ ھەر تەبىقە كىشىلىرىنىڭ چۈشىنىشىگە قولاي تەييارلانغان بولۇپ، ئاددى بىر شەخستىن باشلاپ زور كۆپچىلىك جامائەتكە قەدەر خىتاپ قىلىپ ھەممىنى قايىل قىلىدۇ، زاماننىڭ ئېھتىياجىغا لايىق جاۋاپ بېرىدۇ.

ئۇ ــ « قۇرئان كەرىم » نىڭ يىگىرمىنجى ئەسىردىكى مەنىۋى تەپسىرى بولۇپ، ئىلاھىيەت، نەبۇۋۋات ھەقىقەتلىرىدىن تارتىپ ئاسمان - زېمىن قاتلاملىرىدىن، پەرىشتىلەردىن، روھلاردىن، ھەمدە زاماننىڭ ھادىسىلىرىدىن تارتىپ ئاخىرەت كۈنى،

جەننەت ، دوزاق ، ئەبەدى سائادەت ۋە ئەبەدى شاقاۋەت قاتارلىقلارغىچە بەھس قىلىدۇ.

بۇ مەنۋى تەپسىر: ‹‹ سۆزلەر ›› ، ‹‹ مەكتۇپلار ›› ، ‹‹ ئىشارەتلەر ›› ، ‹‹ نۇرلار ›› قاتارلىق تۆرت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنۈپ جەمى بىر يۈز ئوتتۇز رىسالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ رىسالىلەر « قۇرئان كەرىم » ۋە ھەدىس شەرىپتە بار بولغان مىسال كەلتۈرۈش ئۇسلۇبىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا مىساللارغا باي ئالاھىدە ئەسەر قىلىپ يېزىلىپ چىققان . شۇنداق دېيىشىمىز مۇمكىنكى ، مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش رىسالەئى نۇرنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى .

ئاللاھتائالا ھەممىمىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسۇن!

# مۇئەللىپنىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى

ئۇستاز بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى ھەزرەتلىرى 1876 - يىلى تۈركىيەنىڭ شەرقىدىكى بىتلىس ۋىلايىتىنىڭ خىزان ناھىيەسى نۇرس يېزىسىدا تۇغۇلغان. توققۇز يېشىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولۇپ، تاغىسى موللا ئابدۇللاھدا شۇ زاماننىڭ ئوقۇتۇش ئۇسلۇبى بويىچە ۋەھۋى ـ سەرپ ( گىرامماتىكا ) ۋە ئەقائىد كىتاپلىرىدىن تەلىم ئالغان. كېيىن موكىس دىگەن جايغا بېرىپ « ئەمىر ھەسەن ۋەلى مەدرىسىسى » دە دىنى ئىلىم تەھسىل قىلغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن بايازىد دىگەن جايغا يۆتكىلىپ شۇ كۈندىن باشلاپ ئالى بىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان.

ئەجەپلىنەرلىگى شۇكى، ئۇ قايسى مەدرىسكىلا

بارسا پەسىللىك كىتاپلارنى ئۇستازلىرى دەرس قىلىپ ئۆتۈپ بولغىچە ئۆزى ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرىۋالاتتى. بەزىدە ئۇ دەرسلىك كىتاپلارنى ئوقۇماستىن باشقا كىتاپلارنى ئوقۇيتتى. بۇ ئۇنىڭ كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىدىن نارازى بولغانلىقى ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئەجەپلەنگەن ئۇستازلىرى ئۇنىڭغا مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى ئېيتقاندا ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: ''ئى ئۇستازىم! مەن بەزى كىتاپلارنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا تاقەت قىلالمايمەن، مەن پەقەت ئۇ كىتاپنىڭ ئاساسلىق مەزمۇننى چىشىنىۋالسام بولىدى، شۇ ئارقىلىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۇ كىتاپلاردىن ئالغان مەزمۇنلارنى تاللاپ چىقىمەن''.

ئۇ شەرھىدىكى موھىم بولمىغان ئىلىملارنى ئوقۇپ ياشلىق باھارىنى زايا قىلىپ ئولتۇرماستىن، ياشلىقتىكى زېرەكلىك پۇرستىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇنى پىكىر قىلىش ۋە يېڭىچە ئىلىم پەنلەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ

قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ باشقىلار ئۇن بەش يىلدا ھاسىل قىلىدىغان ئىلىملارنى قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە ئىگەللەپ بولغان.

ئۇ شۇنداق ئىلمى ئەخلاقىقا ئىگە ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يېڭىلىپ قالغان كىشى ئالدىدا كۆرەڭلەپ كەتمەستىن بەلكى، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسىتەتتى ۋە ئۇنىڭ ھېسىياتىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قەتئىي قىلمايتتى. قارشى تەرەپنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان سوئاللارنى سوراپ ئۇنى خىجىل قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتى.

ئۇ زامانىۋى ئىلىم - پەن ئوگىنىش تەرەپتارى ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى ماددىچىلارنىڭ دىن ھەققىدىكى شۈبھىلىرىگە رەد قايتۇرۇش ئۇچۇن، زامانىۋى ئىلىم - پەن ئوگىنىشنىڭ بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، پەلسەپە كىتاپلىرىنى ۋە باشقا تەبىئى پەنگە دائىر

كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيتتى.

ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى. ھەتتا ئۇ كۆپ جايلارغا بىرىپ مەكتەپ ئېچىپ دىنى تەلىم - تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ( يەنى ئەلەم كۈرىشى قىلىش ) نى ھەم ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى. ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئوسمانلىلار خەلىپىلىگى بىلەن روسىيە ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشقا ئۆزىنىڭ تالىپلىرى بىلەن بىرگە پىدايى بولۇپ قاتناشقان ، ھەتتا ئۇرۇشتا بىرقانچە قېتىم ئېغىر يارىلانغان ئىدى . ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ روسلار قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ، ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن.

ئۇ ئۇرۇش پەيتىدىمۇ بوش ۋاقىتلىرىنى بىكارغا كەتكۈزمەي « ئىشارەتول ئىجاز » دىگەن تەپسىرىنى

يېزىپ چىققان ئىدى.

ئۇ ئەسىرلىك ھالىتىدىمۇ دۈشمەنگە قەتئىي باش ئەگمەستىن تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلغان. ئەسلىدە ئۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى ، لېكىن مۇنداق بىر ئاجايىپ ھادىسە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى:

بىر كۈنى روس ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى ئەسىرلەرنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن كۆرەڭلىگەن ھالدا، غادايغىنىچە ئۆتۈپ ئەسىرلەرگە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆزىگە تازىم قىلىشنى بۇيرىغان ، ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تازىم قىلىشقان بولسىمۇ ئۇ پەرۋا قىلماستىن تىك تۇرىۋەرگەن ، قوماندان بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنىڭدىن:

سەن نېمىشقا ماڭا تازىم قىلماي تىك تۇرىسەن؟ دەپ سورىغاندا ئۇ « سەن بىر كاپىرسەن ، مېنىڭ دىنىم سەندەك كاپىرلارغا تازىم قىلىشنى ھارام قىلغان » دەپ

جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قوماندان ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا ۋە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقىغا قايىل بولۇپ ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىۋەتكەن.

ئۇ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ كەلگەندىن كېيىن « رىسالەئى نۇر كۇللىياتى » نى يېزىشقا باشلىغان ۋە يىگىرمە نەچچە يىللىق هاياتىنى بۇ رىسالەرنى يېزىشقا سەرپ قىلغان . ئۇ رىسالىلەرنى يېزىشتا پەقەت « قۇرئانى كەرىم » دىنلا پايدىلىنىپ ، بۇ رىسالەرنى « قۇرئان كەرىم » گە ئاتىغان.

ئۇ دائىم « قۇرئان » روهىدىن ئىلهام ئالاتتى ، خۇددى « قۇرئان » نىڭ ئىچىدە ياشايتتى. كېيىن ئۇ «قۇرئان» دىن ئالغان ئىلهاملىرىنى تالىپلىرىغا ئېيتىپ بېرەتتى ، تالىپلىرى ئۇنى يېزىپ قالدۇراتتى . شۇنداق قىلىپ بىر يۈز ئوتتۇز پارچە نۇر رىسالىلىرىنى ئالللاهتائالانىڭ ياردىمى بىلەن يىگىرمە ئۈچ يىل جەريانىدا يېزىپ پۈتتۈرگەن.

ئاخىرى ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا بەرگەن ئامانىتىنى ئېلىپ 1960 - يىلى 23 - مارت كۈنى ئۆز دەرگاھىدىكى رەھمەت باغچىسىغا ئېلىپ كەتتى .

ئاللاھتائالا ئۇ زاتقا چەكسىز رەھمەت ئاتا قىلسۇن !

# يىگىرمىنچى لەمئە ( ئىشارەت )

## ئىخلاس ھەققىدە

ئون يەتتىنچى ئىشارەتنىڭ ئون يەتتىنچى نوتىسى يەتتە مەسىلىنىڭ ئىچىدىن بەش نۇقتىدىن تەركىپ تاپقان ئىككىنچى مەسىلىنىڭ بىرىنچى نۇقتىسى ئىدى ، ئەھمىيىتىگە بىنائەن يىگىرمىنچى ئىشارەت قىلىپ بېكىتىلدى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

إِنَّا أَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ فَاعْبُدِ اللّٰهَ
مُخْلِصًا لَهُ الدِّينَ ﴿٢﴾ أَلَا لِلّٰهِ الدِّينُ الْخَالِصُ

دېگەن ئا يەت ۋە

هَلَكَ ٱلنَّاسُ إِلَّا ٱلْعَالِمُونَ وَهَلَكَ ٱلْعَالِمُونَ إِلَّا ٱلْعَامِلُونَ وَهَلَكَ ٱلْعَامِلُونَ إِلَّا ٱلْمُخْلِصُونَ وَٱلْمُخْلِصُونَ عَلَىٰ خَطَرٍ عَظِيمٍ

دېگەن ھەدىس ئىسلامىيەتتە ئىخلاسنىڭ نەقەدەر موھىم ئاساس ئىكەنلىگىنى كۆرستىدۇ. بۇ ئىخلاس مەسلىسىنىڭ چەكسىز مەنىلىرىدىن پەقەت بەش نۇقتىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز : (1)

—— (1) تەنبىھ : بۇ مۇبارەك ئىسپارتا ئەھلىنىڭ رەھمەت ئىيتىشقا لايىق ياخشى بىر ئادىتى ـ بۇ يەردىكى ئەھلى تەقۋا ، ئەھلى ئىلىم ، ئەھلى تەرىقەتلەر باشقا يەرلەرگە نىسبەتەن رىقابەتلىك ئىختىلاپلىرى كۆرۈنمەيدۇ. گەرچە لازىم بولغان

بىرىنچى نۇقتا :

موھىم ۋە مۇدھىش بىر سوئال:

نىمە ئۈچۈن ئەھلى دۇنيا ، ئەھلى غەپلەت ، ھەتتا ئەھلى زالالەت ۋە ئەھلى نىپاقلار رىقابەتسىز ئىتتىپاقلاشقان يەردە ئەھلى ھەق ۋە ئەھلى ھىدايەتنىن بولغان دىيانەت ئىگىلىرى ھەمدە ئەھلى تەرىقەت رىقابەتلىشىپ ئىختىلاپلىشىدۇ؟ ئىتتىپاق ئەھلى ھىدايەتنىڭ ، ئىختىلاپ ئەھلى نىپاقنىڭ ئىشى تۇرۇقلۇق نىمە ئۈچۈن بۇ ھەق ئۇ يەرگە ۋە ئۇ ھەقسىزلىك بۇ يەرگە كۆچتى؟

---

ھەقىقى مۇھەببەت ۋە بىرلىك بولىسىمۇ لېكىن ئۇلاردا زەرەرلىك ئىختىلاپ ۋە رىقابەت يوق.

جاۋاپ:

بۇ ئەلەملىك ، پاجىئەلىك ۋە دىننى ھىمايە قىلغۇچىلارنى يىغلىتىدىغان مۇدھىش ھادىسىلەرنىڭ نۇرغۇن سەۋەپلىرىدىن يەتتە سەۋەپنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچى سەۋەپ:

ئەھلى ھەقنىڭ ئىختىلاپى ھەقسىزلىكتىن كەلگەندەك ئەھلى غەپلەتنىڭ ئىتتىپاقى ھەم ھەققەتپەرۋەرلىكتىن كەلگەن ئەمەس ، بەلكى ئەھلى دۇنيا ، ئەھلى سىياسەت ۋە ئەھلى مەدىنىيەت كەبى ئىجتىمائى ھايات تەبىقىلىرىگە دائىر مۇئەييەن ۋەزىپە ۋە خاس خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان شەخس ، جامائەت ۋە جەمىيەتلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى تەيىن قىلىنىپ ئايرىلغاندۇر. ۋە ئۇ ۋەزىپىلىرى بەدىلىگە ئالىدىغان تۇرمۇش نۇقتىسىدىكى ماددى ھەق ۋە ئەجرىلىرى ھەمدە ئابرويى ، شان - شەرەپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ يۈزلىنىشىدىن (2) ئالدىغان مەنىۋى ھەق ۋە ئەجىرلىرى ھەم مۇئەييەن كۆرسىتىلگەن، ئۇلاردا زەخمەت چېكىش،

— (2) ئاگاھلاندۇرۇش: كىشىلەرنىڭ يۈزلىنىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. ئىنسان كىشىلەرنىڭ يۈزلەنگەنلىكىدىن پەخىرلەنسە ئىخلاسنى يوقۇتۇپ رىياخورلۇققا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. شان - شەرەپ ئارزۇسى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈزلىنىشىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ئەجرىگە ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك ئەمەس. بەلكى ئىخلاسسىزلىقتىن كەلگەن بىر خىل تەنە ۋە جازادۇر. شۇنداق، سالىھ ئەمەللەرنىڭ جېنى بولغان ئىخلاسقا قارشى شان - شەرەپ، قەبرىگىچىلىكلا ۋاقىتلىق بولغان جۈزئى لەززەتكە قارشى قەبرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قەبرە ئازابى كەبى يېقىمسىز بىر خىل شەكىلنى ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ يۈزلىنىشىنى ئارزۇ قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن بەلكى ئۇنىڭدىن يىراق قېچىش لازىم. شۆھرەتپەرەسلەر ۋە شان - شەرەپ قوغلىشىدىغانلار بۇنىڭغا قۇلاق سالسۇن!

مۇنازىرلىشىش ۋە رىقابەتلىشىشنى كەلتۈرىدىغان
دەرىجىدە شىرىكچىلىك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
قانچىلىك يامان يولدا ماڭسىمۇ بىر - بىرى بىلەن
كېلىشىپ ئۆتىدۇ. ئەمما ئەھلى
دىن ئەھلى ئىلىم ۋە ئەھلى تەرىقەت بولسا ئۇلارنىڭ
ھەر بىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئومۇمغا قاراشلىق بولغىنى
ئۈچۈن ئالدىراپ كېلىدىغان ھەق ۋە ئەجىرلىرى تەيىن
قىلىنمىغان ۋە ھەر بىرىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى،
كىشىلەرنىڭ يۈزلىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىدىكى
نېسىۋىسى خاس قىلىنمىغان. مەسىلەن: بىرەر مەنسەپ
ئۈچۈن كۆپلىگەن كىشىلەر نامزات بولىدۇ، ماددى ۋە
ئەجىرلەرگە كۆپ قوللار ئۇزارتىلىشى مۇمكىن. بۇ
نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قىستىشىش ۋە رىقابەتلىشىش
تۇغۇلۇپ، ساداقەتمەنلىكنى مۇناپىقلىققا، ئىتتىپاقلىقنى
ئىختىلاپقا ئۆزگەرتىدۇ.

مانا بۇ مۇدھىش كېسەلنىڭ دەۋاسى ئىخلاستۇر،
يەنى ھەقىقەتپەرۋەرلىكنى نەپسپەرەسلىكنىڭ ئۈستىگە

قويۇش شۇنداقلا ھەقنىڭ ھۆرمىتى نەپسىنىڭ ھۆرمىتىگە غالىپ كېلىش ئارقىلىق ، مېنىڭ ئەجرىم پەقەت ئاللاھقا ، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ ئىنساندىن كەلگەن ماددى ۋە مەنىۋى ئەجرىدىن بىھاجەت بولۇش (3) بىلەن ، پەيغەمبەرنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە پەقەت يەتكۈزۈپ قويۇش ، دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ، كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ، ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ جانابى ھەقنىڭ ئىشى ۋە بۈيۈك ئېھسانى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ نۇقتىلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى بولغان تەبلىغنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغانلىقىنى ۋە كىرىشىنىڭ لازىممۇ ئەمەسلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭغا بۇيرۇلمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش بىلەن ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ ، بولمىسا ئىخلاسنى قاچۇرۇپ قويىدۇ.

——— (3) — ساھابە كىراملارنىڭ ئالىجاناپلىقىدىن بولغان «باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەۋزەل كۆرۈش» خىسلىتىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىش يەنى ھەدىيە ۋە سەدىقىلەرنى قوبۇل قىلىشتا باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەۋزەل كۆرۈش ۋە دىنى خىزمەت بارابىرىگە كەلگەن ماددى مەنپەئەتنى ئىزدىمەستىن ، بەلكى دىلىدىمۇ تاما قىلماستىن . ئەگەر بىر نەرسە كېلىپ قالسا ئۇنى ئاللاھى ئېھسان دەپ بىلىش ، كىشىلەرنىڭ مىننىتىگە قالماسلىق ۋە دىنى خىزمىتى بارابىرىگە باشقىلاردىن بىر نەرسە ئالماسلىق لازىم. چۈنكى دىنى خىزمەت بارابىرىگە بۇ دۇنيالىق مەنپەئەت تەلەپ قىلىنسا ئىخلاس يوقىلىدۇ. دىنى خىزمەتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مىللەت كېپىلدۇر، ھەمدە ئۇلار زاكاتقىمۇ ھەقلىقتۇر، لېكىن تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. بېرىلگەندە ئالسا بولىدۇ. ئۇنى ئالغاندىمۇ ” بۇ مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ ئەجرى “ دېيىشكە بولمايدۇ. ئىمكانىقەدەر قانائەت قىلىش لازىم ، ئۆزىدىن بەكرەك مۇھتاج بولغانلارنى ئۆزىدىن ئەۋزەل كۆرۈش ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى بولغان بولسىمۇ باشقىلارنى ئۆزلىرىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ ، دېگەن ئايەتنى ئۆزىگە تەدبىقلاش ئارقىلىق بۇ مۇدھىش ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەپ :

ئەھلى زالالەتنىڭ ئىتتىپاقى ئۇلارنىڭ خارلىقىدىندۇر، ئەھلى ھىدايەتنىڭ ئىختىلاپى ئۇلارنىڭ ئىززىتىدىندۇر. يەنى ئەھلى غەپلەت بولغان ئەھلى دۇنيا ۋە ئەھلى زالالەت ھەق ۋە ھەقىقەتكە يۆلەنمىگەنلىگى ئۈچۈن زەئىپ ۋە ئاجىزدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن تايانچىغا مۇھتاجدۇر، بۇ ئېھتىياج يۈزىسىدىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە ئىتتىپاقىغا سەممىي يېپىشىدۇ. ھەتتا خاتا مەسلەكتە بولسىمۇ ئىتتىپاقنى ساقلايدۇ. ئادەتتە ئۇ ھەقسىزلىكتە بىر ھەقىقەتپەرۋەرلىك، ئۇ زالالەتتە بىر ئىخلاس، ئۇ دىنسىزلىقتا دىنسىزلىكچە بىر تەئەسسۇپلۇق ۋە ئۇ مۇناپىقلىقتا بىر ئىتتىپاق ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. چۈنكى سەممىي ئىخلاس يامانلىقتا بولسىمۇ نەتىجىسىز قالمايدۇ. توغرا، ئىخلاس بىلەن كىم نېمە ئىستىسە

ئاللاھ ئىستىگىنىنى بىرىدۇ . (4)

ئەمما ئەھلى ھىدايەت ، ئەھلى ئىلىم ۋە ئەھلى ھەقىقەت ھەق ۋە ھەقىقەتكە يۈلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ھەمدە ھەر بىرى پەقەت ھەق يولىدا يالغۇز پەرۋەردىگارىنىلا ئويلاپ ، ئۇنىڭ تەۋپىقىگە يۈلۈنۈپ ماڭغاچقا ئۇ يولدىن كەلگەن مەنىۋى ئىززىتى بار ، ئاجىزلىق ھىس قىلغان ھامان ئىنسانلارنىڭ ئورنىغا پەرۋەردىگارىغا مۇراجەت قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەيدۇ ، خارەكتىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن سىرتقى خارەكتىرىگە مۇخلاپ بولغانلارغا قارشى يارمەلىشىش ئېھتىياجىنى تولۇق ھىس قىلمايدۇ ، ئىتتىپاققا بولغان ئېھتىياجىنى كۆرمەي قالىدۇ . بەلكى ئۇنىڭدا

(4) شۇنداق ، ، كىمكى جىددى تەلەپ قىلسا تەلەپ قىلغىنىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ، دىگەن ماقال بىر ھەقىقەتتۇر ، ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ .

مەغرۇرلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك بار بولسا بۇ ئۇنى ئۆزىنىڭكىنى ھەق ، قارشى تەرەپنىڭكىنى ھەقسىز ۋەھىمە قىلدۇرۇپ ئىتتىپاق ۋە مۇھەببەت ئورنىغا ئىختىلاپ ۋە رىقابەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىخلاسنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىپىنى ئادا قىلالمايدۇ.

مانا بۇ مۇدھىش سەۋەپنىڭ بەرگەن ۋەھىمىلىك نەتىجىلىرىنى كۆرمەسلىكنىڭ بىردىن - بىر چارىسى توققۇز تۈرلۈك ئىشتۇر:

1) توغرا ھەركەت قىلىش ، يەنى ئۆزى ماڭغان يولدا پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن ھەركەت ئېلىپ بېرىش ، باشقا يولدىكىلەرنىڭ ئاداۋىتى ۋە كەمچىلىگى ئۇنىڭ پىكرى ۋە ئېڭىغا دەخلى قىلماسلىقى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

2) ئىسلامىيەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدە قايسى خارەكتىردە بولسا بولسۇن دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق

مۇھەببىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بىرلىك ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش.

3) ھەقلىق بولغان ھەر بىر يولدىكىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ يولىغا دەخلى قىلماسلىق جەھەتتىكى ھەققى ‘‘ مېنىڭ تۇتقان يولۇم توغرا’’ ياكى ‘‘ بەكرەك ياخشى دېيىش ، باشقىلارنىڭ يولىنىڭ خاتالىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان ، ھەق پەقەت مېنىڭ يولۇم’’ ياكى ‘‘ ياخشىلىق پەقەت مېنىڭ يولۇم’’ دىگۈزمەيدىغان ئىنساپ دەستۇرىنى ئۆزىگە رەھبەر قىلىش.

4) ھەقىقەت ئەھلى بولغان بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئىلاھى تەۋپىق ۋە دىيانەتتىكى ئىززەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش.

5) ئازغۇنلارغا ۋە ھەقسىزلەرگە تايىنىپ جامائەت شەكلىگە كەلگەن كۈچلۈك بىر مەنىۋى شەخسىنىڭ غالىجىرلارچە قىلىۋاتقان ھۇجۇمى داۋاملىشىۋاتقان

زاماندا ئۇنىڭغا قارشى ئەڭ كۈچلۈك قورال بولغان روھى كەيپىياتنىڭ بوشىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ، ھەق تەرەپتارى بولغانلار بىلەن بىرلىشىپ كۈچلۈك بىر مەنىۋى شەخس قۇرۇپ چىقىپ باتىل كۈچكە قارشى تۇرۇپ ھەققانىيەتنى قوغداش.

6) ھەقنى باتىلنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش.

7) نەپسىنى ۋە شەخسىيەتچىلىكنى كونتىرول قىلىش.

8) خاتا چۈشىنىلگەن ئىززەت چۈشەنچىسىنى توغرىلاش.

9) ئەھمىيەتسىز رىقابەت ھىسياتىنى تاشلىۋېتىپ ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ۋەزىپىنى ئىزچىل ئادا قىلىش . (5)

---

(5) ــــ ھەتتا سەھىيھ ھەدىستە ، ئاخىر زاماندا خرىستىيانلارنىڭ ھەقىقى دىندارلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ، ئورتاق دۈشمىنى بولغان دىنسىزلارغا قارشى ياردەملىشىدۇ ، دېيىلگەنىدەك ، بۇ زاماندىكى ئەھلى دىيانەت ،

ئۈچىنچى سەبەپ :

ئەھلى ھەقنىڭ ئىختىلاپى ھىممەتسىزلىكتىن ۋە پەسكەشلىكتىن ، ئازغۇنلارنىڭ ئىتتىپاقى ئالى ھىممەتتىن كەلگەن ئەمەس ، بەلكى ئەھلى ھىدايەتنىڭ ئىختىلاپى ئالى ھىممەتنىڭ توغرا ئىشلىتىلمىگەنلىكىدىندۇر. ئەھلى زالالەتنىڭ ئىتتىپاقى بولسا ھىممەتسىزلىكتىن كەلگەن ئاجىزلىقتۇر.

ئەھلى ھىدايەتنى ئالى ھىممەتنى توغرا ئىشلىتەلمەسلىككە ، ئىختىلاپ ۋە رىقابەتكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەزىزدە ياخشى

ئەھلى ھەقىقەت ھەم يالغۇز دىندىشى ، مەسلەكدىشى ، قېرىندىشى بولغانلار بىلەنلا سەممى ئىتتىپاقلىشىپ قالماستىن ، بەلكى خرىستىيانلارنىڭ ھەقىقى دىندار روھانىلىرى بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمىنى بولغان دىنسىزلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئارىدىكى ئىختىلاپنى قويۇپ تۇرۇشقا مۇھتاجدۇر.

خىسلەت ھېساپلانغان ساۋاپقا ھېرىس بولۇش ۋە ئاخىرەت ۋەزىپىسىگە قانائەت قىلماسلىقتۇر. يەنى، بۇ ساۋاپنى مەن ئالاي ؛ بۇ كىشىلەرنى مەن توغرا يولغا باشلاي ، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن ، دەپ ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە قېرىنداشلىقىغا مۇھتاج يەنە بىر قېرىندىشى بىلەن رىقابەتلىشىپ ئىختىلاپلىشىپ قالىدۇ. ، نىمە ئۈچۈن شاگىرتلىرىم ئۇنىڭ يېنىغا كېتىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش شاگىرتلىرىم يوق؟ ، دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەخسىيەتچىلىكى قوزغۇلۇپ قابىھ ئادەت بولغان ئابرويپەرەسلىكنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئىخلاسنى قولدىن كەتكۈزىدۇ ۋە رىياغا ئىشىك ئاچىدۇ.

مانا بۇ خاتالىق ۋە مۇدھىش كېسەلنىڭ ئىلاجى شۇكى — جانابى ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش. ئىخلاس پەقەت ئاللاھ رىزاسى بىلەن قولغا كېلىدۇ ، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپلىكى ۋە ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن ئەمەس .

چۈنكى بۇلار ئىلاھى ۋەزىپىگە ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنمايدۇ. بەلكى بەزىدە تەلەپ قىلىنمىغان ھالدىمۇ بېرىلىدۇ.

شۇنداق، بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن ئىنسان ئىجاتلىقا ۋە ئاللاھ رىزالىقىغا ئېرىشىدۇ. دىمەك نەتىجە ئەمەلنىڭ مىقتارى بىلەن ئەمەس ئىخلاسنىڭ مىقتارى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى بەزىدە يالغۇز بىر ئادەمنىڭ يېتەكلىشى مىڭ ئادەمنىڭ يېتەكلىشىگە قەدەر ئىلاھى رىزالىققا سەۋەپ بولىدۇ.

ئىخلاس ۋە ھەققەتپەرۋەرلىك قايەردە ۋە كىمدە بولسا بولسۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەرەپدارى بولۇش. «باشقىلار مەندىن دەرس ئېلىپ ساۋابقا ئېرىشسۇن» دەپ چۈشىنىش نەپسىنىڭ ئەڭ شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئى ساۋابقا ھېرىس، ئاخىرەت ئەمەللىرىگە قانائەتسىز ئىنسان! بەزى پەيغەمبەرلەر كەلگەنكى — ئۇنىڭ بىرقانچە كىشىدىن باشقا ئەگەشكۈچىلىرى

بولمغان بولسمۇ ئۇ يەنىلا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى
ئادا قىلىپ تۇرغۇن ساۋاپ ئالغان ئىدى. دىمەك
خىزمەت ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپلىگى بىلەن ئەمەس
بەلكى ئاللاھ رىزىلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن
ئۆلچىنىدۇ. سەن مۇنداق ھىرىسلىغىڭ بىلەن نىمە ئىش
قىلالايسەن؟ نىمىشقا ، ھەر كىم مىنىڭ گىپىمنى
ئاڭلىسۇن ، دەپ ، ئۆز ۋەزىپەڭنى ئۇنتۇپ قىلىپ
ئاللاھنىڭ ۋەزىپىسگە ئارلىشىسەن؟ سۆزۈڭنى قوبۇل
قىلدۇرۇش ۋە خەلقنى سىنىڭ ئەتراپىڭغا توپلاش
جانابى ئاللاھنىڭ ۋەزىپىسى ، سەن ئۆز ئىشىڭنى
قىلۋەر ، ئاللاھنىڭ ئىشغا ئارلاشما.

ھەق ۋە ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاتقان ۋە سۆزلىگەنلەرگە
ساۋاپ قازاندۇرغانلار يالغۇز ئىنسانلار ئەمەستۇر،
جانابى ھەقنىڭ ھىسيات ئىگىسى بولغان مەخلۇقاتلىرى
، روھانىلىرى ۋە پەرىشتىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ
ئۇلار كائىناتنى تولدۇرغاندۇر. ھەر تەرەپنى شان-
شەرەپكە ئىرىشتۈرگەندۇر. سەن قاچانكى زور ساۋاپ

ئىزدىسەڭ ئىخلاسنى ئاساس قىل ، يالغۇز ئاللاھ رىزاسىنى ئويلا ، ھەتتا سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىققان مۇبارەك سۆزلەرنىڭ ھاۋادىكى ساداسى ئىخلاس ۋە توغرا نىيەت بىلەن جانلانسۇن ، سانسىزلىغان ھىسيات ئىگىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىدا جاراڭلىسۇن ھەمدە ئۇلارغا ساۋاپ قازاندۇرسۇن.

چۈنكى سەن مەسىلەن : « ئەلھەمدۇلىللاھ » دىسەڭ ، بۇ سۆز مىليونلىغان « ئەلھەمدۇلىللاھ » سۆزلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھاۋاغا يېزىلىدۇ ، ھىكمەتلىك نەققاش بىكارغا ئىش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇبارەك سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان سانسىزلىغان قۇلاقلارنى ياراتقاندۇر.

ئەگەر ئۇ ھاۋادىكى سۆزلەر ئىخلاس ۋە ساپ نىيەت بىلەن جانلانسا تېخىمۇ لەززەتلىك تۇس ئېلىپ روھانىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ رىزاسى ۋە ئىخلاس ھاۋادىكى ئۇ سۆزلەرگە ھايات بەخش ئەتمىسە ئۇ سۆزلەر

ھېچكىمگە ئاڭلانمايدۇ ، ھەمدە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ساۋاپمۇ پەقەت ئىغىزدىكى سۆزنىڭ مىقتارىچىلىكلا بولىدۇ. ئاۋازلىرىنىڭ يېقىمسىزلىقىدىن ۋە ئاڭلايدىغانلارنىڭ ئازلىقىدىن سىقىلىدىغان قارىلار بۇنىڭغا قۇلاق سالسۇن !

تۆرتىنچى سەۋەپ :

ئەھلى ھىدايەتنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىختىلاپلىششى ، ئاقىۋەتنى بىلەلمىگەنلىكتىن ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ قىسقىلىقىدىن بولمىغىنىغا ئوخشاش ئازغۇنلارنىڭ سەممى ئىتتىپاقى ئاقىۋەت ئەندىشىسى ۋە يۈكسەك نەزەردىن ئەمەستۇر .

بەلكى ئەھلى ھىدايەت ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ تەسرى بىلەن نەپسىنىڭ قارغۇ ھىسياتىغا ئىلىشىپ قالمايدۇ، لېكىن ئۇ قەلبىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ ئەندىشىلىك مايىللىقلىرىغا ئەگەشكەنلىك سەۋەپتىن ئىستىقامەتنى ۋە ئىخلاسنى ساقلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يۈكسەك مەقامنى مۇھاپىزەت قىلالماي ئىختىلاپلىششقا

چۇشىدۇ.

ئازغۇنلار بولسا نەپسى ئارزۇسىنىڭ تەسىرى بىلەن قارغۇ بولۇپ قېلىپ ئاقىۋەتنى كۆرەلمىگەنلىكى ۋە تىينلىق تەييار لەززەتنى بىر پاتمان كېلىدىغان كېيىنكى لەززەتتىن ياخشى دىگەن ھىسياتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر - بىرىگە سەممى بولۇپ تېز كېلىدىغان مەنپەئەت ۋە تەييار لەززەت ئۈچۈن بىر دەك ئىتتىپاقلىشىدۇ. شۇنداق، دۇنياۋى تەييار لەززەت ۋە مەنپەئەت ئەتراپىدا پەس نەپسانىيەتچىلەر سەممى ئىتتىپاقلىشىدۇ.

ھىدايەت ئەھلى ئاخىرەتكە ئائىت، كېلەچەككە باغلىق ئاخىرەت مۇئىلىرىگە ۋە كامالەتكە قەلب ۋە ئەقلىنىڭ يۈكسەك دەستۇرلىرى بىلەن يۈزلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئاساسلىق ئىستىقامەت ۋە تولۇق ئىخلاس، پىداكارانە بىرلىك بىلەن ئىتتىپاق بولالىسىمۇ شەخسىيەتچىلىكتىن ئايرىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بىپەرۋالىق قىلىش ياكى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش يۈزىسىدىن ئالى قۇۋۋەت مەنبىيى بولغان

ئىتتىپاقلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئىخلاسنى يوقۇتۇپ قويىدۇ ۋە ئاخىرەت ۋەزىپىسىنى ھەم ئادا قىلالماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ رىزاسىنى ھەم قولايلىق بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

بۇ ئىغىر كىسەلنىڭ ئىلاجى ۋە دارىسى ؛ ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ، ئارقىلىق توغرا يولغا قاراپ كېتىۋاتقانلارنىڭ سىپىگە قوشۇلغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ، داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش ، ئىماملىق شان ـ شەرىپىنى ئۇلارغا بىرىش ۋە ئۇ توغرا يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ كەم بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۇلارنى ئۆزىدىن ياخشىراق دىگەن چۈشەنچە بىلەن شەخسىيەتچىلىكىدىن ۋاز كىچىپ ، ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلاردۇر.

ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئازغىنە ئەمەلنىڭ ئىخلاسسىز قىلىنغان پاتمانلارچە ئەمەلدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم.

باشقىلارغا ئەگىشىشنى مەسئۇلىيەتچانلىقتا سەۋەپ

بولىدىغان ھەمدە ناھايىتى خەتەرلىك بولغان باشقىلارنى ئەگەشتۈرۈشتىن ياخشىراق دەپ قاراش ئارقىلىق ئىنسان ئۇ كىيسەلدىن قۇتۇلالايدۇ ۋە ئىخلاسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ھەمدە ئاخىرەتلىك ۋەزىپىسىنى ھەقىقى تۈردە ئادا قىلالايدۇ.

بەشىنچى سەۋەپ:

ھىدايەت ئەھلىنىڭ ئىختىلاپتا بولۇپ ئىتتىپاقىنىڭ يوق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن بولمىغىنىدەك ئازغۇنلارنىڭ ئىتتىپاقىمۇ ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىگىدىن بولغان ئەمەستۇر.

بەلكى ھىدايەت ئەھلىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىغى كامىل ئىماندىن كەلگەن يۈلۈنۈش نۇقتىسىدىن ۋە ئۇنىڭدىن چىققان قۇۋۋەتتىن كەلگىنى كەبى ئازغۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يۈلۈنۈش نۇقتىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن كەلگەندۇر.

چۈنكى ئاجىزلار ئىتتىپاققا مۇھتاج بولغانلىقلىرى

ئۇچۇن ئىتتىپاقلىشىدۇ، كۆچلۈكلەر ئىتتىپاقتا بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئانچە ئىتتىپاقلاشمايدۇ، مەسىلەن: ئارسلانلار تۈلكىلەرگە ئوخشاش ئىتتىپاقتا مۇھتاج بولمىغانلىقى ئۈچۈن يالغۇز ياشايدۇ؛ ياۋا ئۆچكىلەر چىل بۆرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىتتىپاق تەشكىل قىلىدۇ.

دېمەك ئاجىزلارنىڭ مەنىۋى شەخسىيتى ۋە جەمىيتى كۈچلۈك بولغان بولمىسا، (6) بۇنىڭ ئەكسىچە كۈچلۈكلەرنىڭ مەنىۋى شەخسىيتى ۋە جەمىيتى ئاجىز بولىدۇ.

(6) ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە جەمىيەتتە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ھەيئەتلەرنىڭ؛ يۇمشاق جىنسلىق؛ بولغان ئاياللار ھەيئەتلىرى ئىكەنلىكى ۋە ئاياللارغا كەڭ ھوقۇق بەرگەن ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى، ھەمدە مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاجىز، ئەڭ ئاز بولغان ئەرمەنلەرنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ كۆرسەتكەن باتۇرلىقى بىزنىڭ بۇ دۇنيامىزنى ئىسپاتلايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ ئەرلەر جامائىتىگە قوللىنىلىدىغان «قال» دىگەن سۆز ئارقىلىق ئاياللار جامائىتىگە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دىدى :

وَقَالَ نِسْوَةٌ

ۋە ئاياللار جامائىتىگە قوللىنىلىدىغان «قالت» دىگەن سۆز ئارقىلىق ئەرلەر جامائىتىگە خىتاپ قىلىپ :

قَالَتِ الْأَعْرَابُ

دىدى . بۇنىڭدىن چىقىتكى : ئاجىز ۋە يۇۋاش بولغان ئاياللار جەمىيىتى كۈچلىنىپ ئەرلەر كەبى قۇۋۋەت قازىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئارقىلىق ئاياللارغا خىتاپ قىلىندى . بۇ بەكمۇ جايىغا چۈشكەندۇر .

ئەرلەر ــ خۇسۇسەن ساھرالىق ئەرەپلەر ئۆز كۈچگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەمىيەتلىرى ئاجىز بولۇپ ، ئېھتىياتچان ۋە يۇمشاق ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ بىر خىل ئاياللارغا خاس سۈپەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گەرچە ئۇلار ئەرلەر بولسىمۇ ئاياللارغا قوللىنىلىدىغان سۆز ئىشلىتىلگەن ، مانا بۇ ھەم تامامەن جايىغا چۈشكەن.

ھەقىقەت ئەھلى بولسا غايەت قۇۋۋەتلىك يۆلۈنۈش نۇقتىسى بولغان ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ، تىنى كەلگەن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاپشۇرۇشقىلا تايىنىپ باشقىلارغا ئەرىز ئېيتىپ ئولتۇرمايدۇ ، ئەگەر ئەرىز ئېيتقان تەغدىردىمۇ ئانچە ئاھ ئۇرۇپ يىلىنمەيدۇ . ئەھلى دۇنيا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا ھەقىقى يۆلۈنۈش نۇقتىسىدىن غاپىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزلىقتا چۈشۈپ ياردەمچىلەرنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بەكمۇ ھىس قىلىدۇ ، شۇڭا سەممى پىداكارلىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىدۇ .

مانا بۇ يەردىن ئەھلى ھەقىقەت ئىتتىپاقىتىكى قۇۋۋەتنى ئويلىمىغانلىغى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىختىلاپقا گىرپىتار بولىدۇ. ئازغۇنلار بولسا ئىتتىپاقىتىكى قۇۋۋەتنى ئاجىزلىقىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھىس قىلغانلىقى ئۈچۈن غايەت ئۇلۇغۋار غايىنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىتتىپاقنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

مانا مۇنداق ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ھەقسىز ئىختىلاپ قىلىشىدەك يامان كېسەلنىڭ ئىلاجى: «تالان ـ تارتىش قىلماڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار ئاجىزلاپ كېتىسىلەر ۋە كۈچۈڭلار كېتىپ قالىدۇ» دېگەن ئايەتتىكى قائىتىق چەكلىمە بىلەن، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەم بېرىڭلار!» دېگەن ئايەتتىكى بۇيرۇقنى ئىجتىمائى ھاياتنىڭ غايەت ھېكمەتلىك ئىلاھى دەستۇرى قىلىپ، شۇ بويىچە ھەركەت قىلىش ۋە ئىسلامدا ئىختىلاپنىڭ نەقەدەر زەرەرلىك ئىكەنلىكىنى، زالالەت ئەھلىنىڭ ھەقىقەت ئەھلى ئۈستىدىن غەلبە قىلىشىدا ئىختىلاپنىڭ قانچىلىك رول

ئۆيىنىغانلىقىنى چۈشىنىپ ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىپ ، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ سېپىگە قېتىلىش ھەمدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا رىياخورلۇق ئۆ ئابروييپەرەسلىكنى تاشلاپ ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر .

ئالتىنچى سەۋەپ :

ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئىختىلاپى ئۇلارنىڭ نامەرتلىكى ۋە ۋىجدانسىزلىقىدىن بولغىنىدەك دۇنيا پەرەسلەرنىڭ دۇنياۋى ھاياتقا ئائىت ئىشلاردا سەممىي ئىتتىپاق بولۇشى ئۇلارنىڭ مەرتلىكىدىن ۋە ۋىجدانلىق بولغىنىدىن ئەمەس.

بەلكى كۆپىنچە ئاخىرەتكە ئائىت بولغان مەنپەئەتلەرنى ئويلاش ئارقىلىق ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئۆ ئەھمىيەتلىك ، كۆپ مەسىلەرگە بولغان قىزىقىشى بۆلۈنىدۇ ، ھەقىقى سەرمايە بولغان ۋاقىتنى موھىم مەسىلەرگە سەرپ قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن مەسلە كداشلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقى ئانچە

مۇستەھكەملەنمەيدۇ ، چۈنكى موھىم مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ ۋە دائىرىلەر بەك كەڭدۇر.

دۇنيا پەرەسلەر بولسا يالغۇز دۇنيا ھاياتىنى ئويلىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ھىسسىياتى ، روھى ۋە قەلبى بىلەن شىددەتلىك بىر سۈرەتتە دۇنيا ھاياتىغا ئائىت مەسىلىلەرگە باغلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولغانلارغا مەھكەم يېپىشىدۇ ، ھەقىقەت نۇقتا - نەزىرىدە بەش تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ھەقىقەت ئەھلى ئالدىدا بىر تىيىنلىق قىممىتى يوق نەرسە ئۈچۈن ئۇلار دىۋانە بولىدۇ ، ئەينە كىچى يەھۇدىنىڭ بەش تىيىنلىق ئەينەك پارچىسىغا بەش لىرالىق باھا قويغىنى كەبى بەش يۈز لىرالىق قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۇ مەسىلىگە زايا قىلىۋېتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ قەدەر چىن ھىسسىيات بىلەن يېپىشىش ناتوغرا يولدا بولسا ھەم ئۇنىڭدا سەممىي ئىخلاس بولغانلىقىدىن ئۇ ئىشتا مۇۋەپپەق بولىدۇ ۋە ئەھلى ھەق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ بۇ غەلىبىسى نەتىجىدە ئەھلى ھەق

ئازغۇنلۇقىغا، مەھكۇملۇقىغا ۋە رىياخورلۇقىغا چۈشۈپ قېلىپ ئىخلاسنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئاخىرىدا نامەرتلىك قىلىپ بىر قىسىم دۇنيا ئەھلىگە يالاقچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئى ھەقىقەت ئەھلى! ئى ھەقىقەت پەرۋەر شەرىئەت ئەھلى! بۇ مۇدھىش كېسەل بولغان ئىختىلاپقا قارشى بىر - بىرىڭىزلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرمەستىن ئۆزىڭىزنىڭ بىر پارچىڭىز بولغان قېرىندىشىڭىزنىڭ ئەيىپىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ! «ئەگەر قۇرۇق گەپ قىلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۆزىنىڭ ئىززىتى بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن قۇرئان ئەخلاقىنى ئۆگىنىڭ! تاشقى دۈشمەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئىچكى تالاش - تارتىشنى قويۇپ تۇرۇڭ! ۋە ھەقىقەت ئەھلىنى يىمىرىلىپ كېتىشتىن، ئېزىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىشنى ئەڭ بىرىنچى، ئەڭ موھىم، ئاخىرەتلىك ۋەزىپە دەپ تونۇپ يېزىلغان ئايەت ۋە

ھەدىسلەر بۇيرىغان قېرىنداشلىق ، ياخشى كۆرۈش ۋە ياردەملىشىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى جان ـ دىل بىلەن قىلىپ پۈتۈن ھېسسىياتىڭىز بىلەن بىر ـ بىرىڭىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىڭ ! ھەرگىزمۇ ئىختىلاپقا چۈشمەڭ !

« كىچىك مەسىلىلەرگە قىممەتلىك ۋاقتىمنى سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇ ۋاقتىمنى پىكىر قىلىش ۋە زىكىر قىلىش كەبى ساۋاپلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىمامتىم » دەپ ئويلاپ ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماڭ !

چۈنكى سىز كىچىك دەپ ئويلىغان پىكىر ۋە زىكىردىن ئىبارەت بولغان مەنىۋى جىھاتنىڭ ئىچىگە ناھايىتى كاتتا نەرسە يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن ، بىر شەخسنىڭ موھىم ۋە مەخسۇس شارائىت ئاستىدا قىلغان بىر سائەتلىك ئىشى بەزىدە بىر يىللىق ئىبادەتتىن ئارتۇق بولغىنىدەك ھەقىقەت ئەھلى مەغلۇپ بولغان بۇ زاماندا سىزنىڭ جىھاد مەسىلىرىدىن بولغان بىرەر مەسىلە ئۈچۈن سەرپ بولغان بىر كۈنىڭىز خۇددى ئۇ

كىشىنىڭ بىر سائەتتە كەبى نەچچە مىڭ ھەسسە قىممەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن، بىر كۈنىڭىز مىڭ كۈنگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. قاچانكى بىر ئىش پەقەتلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بولىدىكەن، ئۇ ئىشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارالمايدۇ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان زەررىچىلىك ئىش يۈلتۇز كەبى چاقنايدۇ، ئۇ ئىش ئىجرا قىلىنغان ۋاستىنىڭ ماھىيىتىگە قارالمايدۇ بەلكى ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىگە قارىلىدۇ. دېمەك ئۇ ئىشنىڭ غايىسى ئاللاھ رىزاسى بولىدىكەن ئۇ كىچىك ئىش ئەمەستۇر بەلكى بۈيۈك ئىشتۇر.

يەتتىنچى سەۋەپ:

ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئىختىلاپ ۋە رىقابىتى قىزغانچۇقلۇقتىن ۋە دۇنياغا ھېرىس بولۇشتىن كەلمىگىنىدەك دۇنيا ئەھلى بولغان غاپىللارنىڭ ئىتتىپاقى ھەم مەرتىلىكتىن ۋە ئالىجاناپلىقتىن كەلگەن ئەمەس.

بەلكى ھەقىقەت ئەھلى ھەقىقەتتىن كەلگەن ئالىجاناپلىق ، ئالى ھىممەت ۋە ھەقىقەت يولىدىكى مۇسابىقىنى توغرا ھالدا ئېلىپ بېرىپ ئۇنى تامامەن مۇھاپىزەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن نائەھلىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى يۈزىسىدىن ناتوغرا قىلمىشلارغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ ئىختىلاپقا چۈشۈپ ئۆزىگە ۋە ئىسلام جامائىتىگە ئېغىر زەرەر كەلتۈرىدۇ .

غەپلەت ۋە زالالەت ئەھلى بولسا ئۆزلىرى مەپتۇن بولغان مەنپەئەتلەرنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ۋە ئۇ مەنپەئەت ئۈچۈن چوقۇنغان باشلىقلىرىنى ، دوست ـ يارەنلىرىنى خاپا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن نامەرتلىك ، ھەتتا پەسكەشلىك ۋە خائىنلىق قىلىسمۇ مەنپەئەت ئەتراپىدا توپلانغان شېرىكلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىدۇ ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ .

ئۇنداق ئىكەن ــ ئى مۇسىبەت كەلگەن ۋە ئىختىلاپقا مۇپتىلا بولغان ھەقىقەت ئەھلى ! بۇ مۇسىبەتلىك زاماندا سىز ئىخلاسنى قولدىن بېرىپ

قويغانلىقىڭىز ۋە ئاللاھ رىزاسىنى ئۇلۇغۋار غايە قىلمىغانلىغىڭىز ئۈچۈن ھەقىقەت ئەھلىنىڭ بۇ خورلۇق ۋە مەغلۇبىيىتىگە سەۋەپ بولدىڭىز. دىنى ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا رىقابەت، ھەسەت ۋە قىزغانچۇقلۇق بولماسلىغى لازىم، ھەقىقەت ئۇقتىنەزىرىدە مۇنداق ئىش توغرا بولمايدۇ.

چۈنكى رىقابەتنىڭ، ئىختىلاپنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر نەرسىگە كۆپ قوللارنىڭ ئۇزارتىلىشى، بىر ئورۇنغا كۆپ كۆزلەرنىڭ تىكىلىشى ۋە بىر نانني كۆپ ئېغىزلار ئىستىگەنلىگى سەۋەپتىن بولۇپ ئۈنىڭدىن قىستاڭچىلىق، تالىشىش يۈز بېرىپ قىزغىنىش ھاسىل بولىدۇ، دۇنيا تار ۋە ۋاقىتلىق بولۇپ ئىنسانلارنىڭ چەكسىز، تۈگىمەس ئارزۇلىرىنى تەمىنلەپ بولالمىغانلىغى ئۈچۈن رىقابەتلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمما ئاخىرەتتە يالغۇز بىر كىشىگە بەش يۈز يىللىق

(7) مۇساپە دائىرىسىدىكى جەننەت ئىھسان قىلىنغانلىقى ۋە يەتمىش مىڭ نەپەر ھۆررۇ ـ غىلمانلار

(7) ـــ ئەڭ موھىم ئەھمىيەتلىك سوئال : رىۋايەتلەردە ، جەننەتتە ھەر بىر ئادەمگە بەش يۈز يىللىق مەساپىدىكى يەر بېرىلىدۇ ، دەپ كەپتۇ ، بۇنى بۇ دۇنيادىكى چەكلىك بولغان ئىنسان ئەقلى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ؟

جاۋاپ : بۇ دۇنيادا ھەر بىر ئىنساننىڭ دۇنيا مىقتارىچە خۇسۇسى ۋە ۋاقىتلىق دۇنياسى بار ، ئۇ دۇنيانىڭ مىقتارى ئۇنىڭ ھاياتىدۇر. ئۇ ئىچكى ـ تاشقى تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ ، ھەتتا ؛ قۇياش مېنىڭ لامپۇچكام ، يۇلتۇز مېنىڭ شام چىرىغىم ، دەپ ئويلايدۇ ، باشقا مەخلۇقاتلار ۋە جان ئىگىلىرىنىڭ بولىشى ئۇ كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا مانى بولالماي ئەكسىچە ئۇنىڭ خۇسۇسى دونياسىنى جانلاندۇرىدۇ ۋە زىننەتلەيدۇ. ئەينەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ( لېكىن ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بولغان ) ، ھەر بىر مۆھمىن ئوچۈن مىڭلارچە ھۆر ـ غىلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاس باغچىسىدىن باشقا

ئومۇمى جەننەتتىن بولغان بەش يۈز يىللىق مەساپىدىكى خۇسۇسى جەننىتى بار . دەرىجىسىگە قارىتا ئېچىلغان ھىسيات تۈيغۇلىرى بىلەن جەننەتكە ۋە ئەبەدىلىككە لايىق سۈرەتتە پايدىلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ شېرىك بولىشى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ ، بەلكى ئۇنىڭ جەننىتىنى زىننەتلەيدۇ .

شۇنداق ، بۇ دۇنيادا بىر ئادەم بىر سانەتلىك بىر باغچىدىن ، بىر كۆڭۈلۈك سەيلىگاھتىن ، بىر ئايلىق مەملىكەتتىن ، بىر يىللىق ساياھەتتىن ئاغزى ، قۇلىقى ، كۆزى ، زەۋق ـ شەۋقى بىلەن پايدىلانغانلىقىغا ئوخشاش پەقەت بىر سانەتلىك باغچىدىن پايدىلانغان پانى مەملىكەتتىكى پۇراش ، تېتىش قۇۋۋىتى ئۇ باقى مەملىكەتتىكى بىر يىللىق باغچىدىن ئەينى شەكىلدە پايدىلىنىدۇ . بۇ يەردىكى بىر يىللىق سەيلىگاھتىن پايدىلانغان كۆرۈش ، پۇراش ، تېتىش قۇۋۋىتى ئۇ يەردە بەش يۈز يىللىق مەملىكەتكە لايىق بىر تەرىزدە پايدىلىنالايدۇ . ھەر بىر مۆمىن بۇ دۇنيادا قازانغان ساۋاپ ۋە ياخشىلىقلىرى نىسبىتىدە كېڭەيگەن ۋە ئېچىلغان تۈيغۇلىرى بىلەن زەۋق ئالىدۇ ، لەززەت ئالىدۇ ، پايدىلىنىدۇ .

بىرلىدىغانلىقى ، ھەمدە جەننەت ئەھلىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە بېرىلگەن نەسىۋىلىرىگە تامامەن رازى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردە ئىختىلاپ ، رىقابەت ۋە قىزغانچۇقلۇققا سەۋەپ بولىدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر .

بۇ دۇنيادا قىزغانچۇقلۇق قىلغان كىشى رىياخوردۇر ، قىلغان ئەملى بارابىرىگە دۇنياۋى مەنپەئەت ئىزدەيدۇ . ياكى ئۇ جاھىلدۇر ، ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . سالىھ ئەمەللەرنىڭ روھى ئاساسىنىڭ ئىخلاس ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلالمايدۇ ، رىقابەتلىشىش بىلەن ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا قارشى ئاداۋەت ساقلايدۇ ، ئىلاھى رەھمەتنىڭ كەڭلىگىنى بىلمەيدۇ .

بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق بىر ھىكايە بار :

كونا دوستلىرىمىزدىن بىرسىنىڭ بىر ئادەمگە قارشى ئاداۋىتى بار ئىدى ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ

دۇشمىنى سالىھ ئەمەللەر ۋە ئەۋلىيالىق بىلەن مەدھىلەندى ، ئۇ ئادەم قىزغانمىدى ياكى سىقىلمىدى .

بىرسى ئۇنىڭغا دېدى : « سېنىڭ ئۇ دۇشمىنىڭ جەسۇر ، باتۇر ئادەم » قارىساق ئۇنىڭدا بىر خىل قىزغىنىش ھېسياتى قوزغالدى .

بىز دېدۇق : سالىھلىق ۋە ئەۋلىيالىق ئەبەدى ھاياتلىقنىڭ نۇرى ۋە يۇكسەك مەقام تۇرسا سەن ئۇنىڭدىن بىر جەھەتتە قىزغانمىدىڭ ، ئەمما جەسۇرلۇق ۋە قوچ - قۇۋۋەت ئۆتكۈزدىمۇ ۋە باشقا ھەر قانداق جانىۋاردىمۇ بار ، بۇنى سالىھلىق ، ئەۋلىيالىققا سېلىشتۇرغاندا ئالماسنىڭ ئەينەك پارچىسىغا بولغان سېلىشتۇرمىسىغا ئوخشايدۇ ، شۇنداق تۇرۇپ بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدىن قىزغاندىڭ ؟

ئۇ ئادەم دېدى : بۇ دۇنيادا ئىككىمىز بىر نۇقتىغا ، بىر مەقامغا كۆز تىكىپتىمىز ، ئۇنىڭغا يېتىش ۋاستىمىز جاسارەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتۇر ، شۇڭا بۇ جەھەتتە قىزغاندىم ، ئەمما ئاخىرەت مەقاملىرى چەكسىزدۇر ، ئۇ

بۇ يەردە دۈشمىنىم بولسا ئۇ يەردە مېنىڭ سەمىمى دوستۇم بولۇشى مۇمكىن ، بىز دۇنيانى دەپ رىقابەتلەشكەن ئىدۇق ، ئەمما ئاخىرەتلىك ئىستىگىمىز ئوخشاش ، شۇڭا قىزغىنىش ، رىقابەتلىشىش مەنىسىزدۇر .

ئى ھەقىقەت ئەھلى ! ھەقىقەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولسا ئېغىر دۇنيا دەپنەنى كۆتىرىۋالغانغا ۋە ئۇنى ساقلاۋاتقانغا ئوخشايدۇ ، ئۇنى كۆتەرگەنلەرگە قانچىلىك كۈچلۈك قوللار ياردەم قىلسا ئۇلار بەكرەك مەمنۇن بولىدۇ ۋە سۆيىنىدۇ . قىزغىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن غايەت سەمىمى مۇھەببەت بىلەن ئۇ ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن بەكرەك زىيادە بولغان قۇۋۋەتلىرىنى ، تەسىرلىرىنى ۋە ياردەملىرىنى ئالقىشلاش لازىم بولغان بولسىمۇ نىمىشقىدۇر ئۇ ھەقىقى پىداكار ياردەمچىلىرىگە رىقابەتلىك قارايدۇ ، بۇ ھالدا ئۇ ئىخلاسنى قاچۇرىدۇ . ۋەزىپىگىزدە تۆھمەتكە قېلىپ ئازغۇنلارنىڭ نەزىرىدە سىزدىن ۋە

سىزنىڭ مەسلىكىڭىزدىن يۈز دەرىجە تۆۋەندە بولغان دىن ئازقىلىق دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ، ئىلمى ھەقىقەت ئازقىلىق تۈرمۇشنى تەمىنلەش ، تاماخورلۇق ، ھېرىسلىك يولىدا رىقابەتلىشىش ... كەبى يامان تۆھمەتلەرگە قالىسىز .

بۇ كېسەلنىڭ بىردىن - بىر چارىسى نەپسىنى كونتۇرول قىلىش ، نەپسىگە ئەمەس قارشىسىدىكى سەبدىشىغا تەرەپدار بولۇش ۋە ئىلمى مۇنازىرە ئۆلىمالىرى ئارىسىدىكى ھەقىقەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنساپ دەستۇرى بولغان مۇنۇ :

'' بىر مۇنازىرىدە ئۆز سۆزىنىڭ ھەقلىق چىققىنىغا پەخىرلىنىپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنسە ۋە قارشى تەرەپتىكىنىڭ ھەقسىز چىقىپ قالغىنىغا مەمنۇن بولسا ئۇ ئىنساپسىزدۇر '' دىگەن قائىدىگە رىئايە قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى ھەق چىققاندا مۇنازىرىدىن بىرەر نەرسە ئۆگىنىۋالمايدۇ ، بەلكى مەغرۇرلۇق بىلەن زىيان تارتىدۇ .

ئەگەر ھەق قارشى تەرەپتىن چىقسا زىيىنى يوق ، ئۇ بىلمىگەن نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىپ پايدا ئالىدۇ . نەپسىنىڭ مەغرۇرلىقىدىن قۇتۇلىدۇ . دىمەك ئىنساپلىق ، ھەقىقەتپەرۋەر كىشى ھەقىقەتنىڭ يۈزى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غورورىنى باسالايدۇ ، قارشى تەرەپتە ھەقىقەتنى كۆرسە ئۇنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ ۋە بۇنىڭغا مەمنۇن بولىدۇ .

مانا بۇ دەستۇرنى ئەھلى دىن ، ئەھلى ھەقىقەت ۋە ئەھلى ئىلملار ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلسا ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئاخىرەتلىك ۋەزىپىلىرىدە مۇۋەپپەق بولىدۇ . شۇنداقلا بۇ پاجىئەلىك مۇسىبەتتىن ئىلاھى رەھمەت ئارقىلىق قۇتۇلالايدۇ .

سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا اِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

* * *

# يىگىرمە بىرىنچى لەمئە ( ئىشارەت )

## ئىخلاس ھەققىدە

ئون يەتتىنچى ئىشارەتنىڭ ئون يەتتىنچى نوتىسىنىڭ يەتتە مەسىلىسى ئىچىدىن تۆرتىنچى مەسىلە ئىدى ، ئىخلاسقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يىگىرمىنچى ئىشارەتنىڭ ئىككىنچى نۇقتىسى بولدى ۋە نۇرانىيىتىگە بىنائەن يىگىرمە بىرىنچى ئىشارەت قىلىنىپ ئىشارەتلەرگە كىرگۈزۈلدى .

( بۇ ئىشارەت ئاز دىگەندە ئون بەش كۈندە بىر قېتىم ئوقۇلۇشى لازىم )

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ ۞ وَقُومُوا لِلّٰهِ قَانِتِينَ ۞ قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكّٰيهَا ۞ وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسّٰيهَا ۞ وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا ۞

ئى ئاخىرەتلىك قېرىنداشلىرىم ! ئى قۇرئان خىزمىتىدىكى خىزمەتداشلىرىم ! بىلەمسىز؟ بىلمىسىڭىز بىلىڭ : بۇ دۇنيادا خوشۇسەن ئاخىرەت خىزمەتلىرىدە ئەڭ موھىم ئاساس ، ئەڭ بۈيۈك قۇۋۋەت ، ئەڭ ئېتىبارلىق شاپائەتچى ، ئەڭ مۇستەھكەم يۆلۈنۈش نۇقتىسى ، ئەڭ قىسقا ھەقىقەت يولى ، ئەڭ مەقبۇل مەنىۋى دۇئا ، ئەڭ كارامەتلىك مەقسەتلەر ۋاستىسى ، ئەڭ يۈكسەك

خىسلەت ۋە ئەڭ ساپ قۇلچىلىق ئىخلاستۇر.

مادامىكى ئىخلاستا يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلەر ، بۈيۈك قۇۋۋەتلەر بار ئىكەن ، مادامىكى بۇ مۇدھىش زاماندىكى دەھشەتلىك دۈشمەنلەر ، شىددەتلىك سىقىلىشلار ۋە سۆلەتلىك بىدئەتلەر ، زالالەتلەر ئىچىدە بىز ناھايىتى ئاجىز ، كۈچسىز ، پېقىر بولغان ھالدىمۇ ئېغىر خىزمەتلەر ، بۈيۈك ۋەزىپىلەر ، مۇقەددەس ئىمان ۋە قۇرئان خىزمىتى ئىلاھى ئېھسان تەرىپىدىن بىزنىڭ گەدىنىمىزگە يۈكلەنگەن ئىكەن ، ئەلۋەتتە بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن باشقىلاردىن زىيادە ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرمىز.

شۇنىڭدەك ئىخلاسنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىمىزگە تەدبىقلاشقا بەكمۇ مۇھتاجمىز. ئۇنداق بولمىغاندا بۈگۈنگە قەدەر قولىمىزغا كەلتۈرگەن بۈيۈك خىزمەت نەتىجىلىرى زايا بولۇپ كېتىدۇ ۋە داۋاملىشالمايدۇ ، ھەمدە قاتتىق ئېغىر مەسئۇلىيەتكە قالىمىز ، ١ مىنىڭ

ئايەتلىرىمنى ئەرزان باهادا سېتىۋەتمەڭلار ، دىگەن ئايەت كەرىمىدىكى شىددەتلىك ئىلاھى چەكلىمىگە توغرا كېلىپ ئەبەدى سائادەتنىڭ زايا بولۇشىغا ، كىرەكسىز ، زەرەرلىك ۋە قەبىھ رىياخورلارچە پەس ھىسياتلار ئۈچۈن ئىخلاسنى يوقۇتۇپ ، ھەمدە بۇ خىزمەتتىكى ئومۇمى قېرىنداشلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇزقىلىپ ، « قۇرئان كەرىم » خىزمىتىنىڭ ئىلگىرلىشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىمىز ۋە ئىمان ھەققەتلىرىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە بىھۆرمەتلىك قىلغان بولىمىز.

ئى قېرىنداشلىرىم ! موھىم ۋە بۈيۈك بىر ياخشى ئىشنىڭ نۇرغۇنلىغان توسالغۇلىرى بولىدۇ ، شەيتانلار بۇ خىزمەتنىڭ خادىملىرىغا بەك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. بۇ توسالغۇلارغا ۋە شەيتانلارغا قارشى ئىخلاس قۇۋۋىتىگە نايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىخلاسنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن خۇددى يىلان ـ چايانىدىن قاچقانىدەك قېچىڭ . ھەزرىتى يۈسۈپ

ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئەلۋەتتە نەپس يامان ئىشلارغا بۇيرىغۇچىدۇر ، لېكىن پەرۋەردىگارىم رەھىم قىلغان كىشىنى يامانلىقتا بۇيرىيالمايدۇ » دېگىنىدەك ، يامان ئىشقا بۇيرۇيدىغان نەپسكە تايىنىشقا بولمايدۇ . ئۇنداقتا شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسى يامانلىق سىزنى ئالداپ قويمىسۇن. ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە توسالغۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى موھىم دەستۇرلار رەھبىرىڭىز بولسۇن.

بىرىنچى دەستۇرىڭىز :

ئىش ـ ھەركىتىڭىزدە ئاللاھ رىزاسى بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ رازى بولسا ، پۈتۈن دۇنيا نارازى بولسا ئەھمىيتى يوق . ئەگەر ئۇ قوبۇل قىلسا ، پۈتۈن خەلق رەت قىلسا تەسىرى يوق . ئۇ رازى بولۇپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، خالىسا ۋە ھىكمىتى تەقەززا قىلسا سىز خالىمىسىڭىزمۇ خەلققە قوبۇل قىلدۇرىدۇ ، ئۇلارنى قانائەت قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىزمەتتە توپ ـ توغرا ، يالغۇز ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى

ئاساسي مەقسەت قىلىش لازىم.

ئىككىنچى دەستۇرىڭىز :

« قۇربىن كەرىم ، خىزمىتىدە بولىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭىزنى تەنقىت قىلماسلىقىڭىز ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەنمەنچىلىك قىلىپ دۈشمەنلىك ھىسياتىنى ھەركەتلەندۈرمەسلىگىڭىز كېرەك.

چۈنكى ئىنساننىڭ بىر قولى يەنە بىر قولى بىلەن رىقابەتلەشمەيدۇ ، بىر كۆزى يەنە بىر كۆزىنى تەنقىت قىلمايدۇ ، تىلى قۇلىقىغا قارشى چىقمايدۇ ، قەلب روھنىڭ ئەيىپىنى كۆرمەيدۇ. بەلكى بىر - بىرىنىڭ كەمچىلىگىنى تولۇقلايدۇ ، قۇسۇرىنى ياپىدۇ ، ئېھتىياجىنى قامدايدۇ ۋە ۋەزىپىسىگە ھەمكارلىشىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھاياتى ئۆچىدۇ ، روھى چۈشىدۇ ۋە جىسمى چىرىيدۇ.

زاۋۇتنىڭ ئۇسكىنىلىرىمۇ بىر - بىرى بىلەن قارشىلاشمايدۇ ، بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشۈپ كەتمەيدۇ، بىر - بىرىنىڭ كەمچىلىگىنى كۆرۈپ

تەنقت قلىپ ئشلمەسلككە ئىلىپ بارمايدۇ. بەلكى پۈتۈن تەييارلىقى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ھەركەتلىرىنى ئومۇمىي مەقسەتكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ياردەملىشىدۇ ، ھەقىقى ئۆملۈك بىلەن قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى ھەقىقى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار قىلچىلىك بىر - بىرىگە قارشى ھەركەت قىلىپ قالسا زاۋۇت بۇزىلىدۇ ، كېرەكتىن چىقىدۇ. بۇ ھالدا زاۋۇتنىڭ ئىگىسى زاۋۇتنى كېرەكسىز تۆمۈر قاتارىدا چۇۋۇپ تاشلاپ قويىدۇ.

ئۇنداقتا ، ئى رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرى ! ؛ قۇرئان كەرىم ؛ خىزمەتكارلىرى ! سىزلەر ۋە بىزلەر ھەم شۇنداق كامىل ئىنسان ئىسمىغا لايىق بىر مەنىۋى شەخسنىڭ ئەزالىرىمىز ۋە ئەبەدى ھاياتلىق ئىچىدىكى ئەبەدى سائادەتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنىلىرى ھۆكمىدەمىز، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆممەتلىرىنى خاتىرجەملىك ساھىلى بولغان سالامەتلىك دىيارىغا ئىلىپ چىقىدىغان ئىلاھى

كېمىدە ئىشلەيدىغان خادىملارمىز ، ئەلۋەتتە تۆرت شەخستىن مىڭ بىر يۈز ئون بىر كىشىلىك مەنۋى قۇۋۋەتنىڭ هاسىل بولىشىنى تەمىنلەيدىغان ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە ھەقىقى بىرلىككە مۇهتاجمىز .

توغرا ، ئۈچ ئەلىف بىرلەشمىسە پەقەت ئۈچلۈك قىممىتى بار ، ماتىماتىكا قائىدىسى بويىچە بىرلەشمە بىر يۈز ئون بىر قۇۋۋىتىنى ئالىدۇ، تۆرت قېتىم تۆرت ئايرىم كەلسە ئون ئالتە قىممىتى بار، ئەگەر قېرىنداشلىق سىرى بىلەن ئورتاق غايە ئۈچۈن بىرلىشىپ بىر سىزىق ئۈستىگە كېلىپ ياندىشىپ تۇرسا ئۇ چاغدا تۆرت مىڭ تۆرت يۈز قىرىق تۆرت قۇۋۋىتىدە قىممەتلىك بولغىنى كەبى ھەقىقى ئىخلاس سىرى بىلەن بىرلەشكەن ئون ئالتە پىداكار قېرىنداشنىڭ قىممىتى ۋە قۇۋۋىتى تۆرت مىڭ كىشىنىڭكىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە كۆپلىگەن تارىخى ۋەقەلەر گۇۋالىق بېرىدۇ .

بۇنىڭ سىرى شۇكى ـ ھەقىقى ، سەمىمى بىر ئىتتىپاق بولغاندا ھەر بىر شەخس قېرىنداشلىرىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ھەم قارىيالايدۇ، قۇلاقلىرى بىلەن ھەم ئاڭلىيالايدۇ، گويا كى ھەقىقى بىرلەشكەن ئون ئادەمنىڭ ھەر بىرى يىگىرمە كۆز بىلەن قارىغاندەك ، ئون ئەقىل بىلەن ئويلىغاندەك ، يىگىرمە قۇلاق بىلەن ئاڭلىغاندەك ، يىگىرمە قول بىلەن ئىشلىگەندەك بىر تەرىزدە مەنئۇى قۇچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ . (1)

(1) ــ شۇنداق ، ئىخلاس سىرى بىلەن سەمىمى ياردەملىشىش ۋە بىرلىشىش سانسىز مەنپەئەتلەرگە مادار بولغاندەك قورقۇنچلارغا ، ھەتتا ئۆلۈمگە قارشى ئەڭ موھىم قالقان ۋە يۆلىنىش نۇقتىسىدۇر. چۈنكى ئۆلۈم كەلسا بىر جاننى ئالىدۇ، ھەقىقى قېرىنداشلىق بىلەن ئاللاھ رىزاسى يولىدا ، ئاخىرەتكە تەئەللۇق ئىشلاردا قېرىنداشلىرىنىڭ سانى بويىچە جانلىرى بولغاچقا بىرى ئۆلسا ؛ قالغان جانلىرىم ساق قالىدۇ، چۈنكى ئۇ جانلار ھەر ۋاقىت ماڭا ساۋاپ كەلتۈرۈش بىلەن مەنئۇى ھاياتنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن مەن ئۆلمەيمەن ؛ دەپ

ئۈچىنچى دەستۇرىڭىز :

پۈتۈن قۇۋۋىتىڭىزنى ئىخلاستا ۋە ھەقىقەتتە دەپ بىلىشىڭىز كېرەك.

چۈنكى كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاساسى ئىخلاستۇر. ھەتتا ھەقسىزلەر ھەقسىز بولسىمۇ ھەقسىزلىك ئىچىدە كۆرسەتكەن ئىخلاس ۋە سەممىيىتى يۈزىسىدىن بىر خىل قۇۋۋەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

شۇنداق، قۇۋۋەتنىڭ ھەقتە ۋە ئىخلاستا ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى — بىزنىڭ بۇ شەرەپلىك خىزمىتىمىزدۇر، بۇ خىزمىتىمىزدىكى بىر خىل ئىخلاس بىزنىڭ داۋايىمىزنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە دەلىل بولالايدۇ. چۈنكى مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمدا ۋە ئىستانبۇلدا يىگىرمە يىلدىن كۆپ قىلغان ئىلمى ۋە

ئۆلۈمنى كۆزلۈپ تۇرۇپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە « ئۇ جانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ساۋاپ تەرىپىدە ياشاۋاتىمەن، پەقەت گۇناھ تەرەپتىن ئۆلۈۋاتىمەن » دەيدۇ، راھەتتە ياتىدۇ.

دىنى خىزمىتىمدىن بۇ يەردە قىلغان يەتتە ـ سەككىز يىللىق خىزمىتىم نەچچە يۈز ھەسسە نەتىجىلىك بولدى . ھالبۇكى ئۆز يۇرتۇمدا ۋە ئىستانبۇلدا بۇ يەردە مەن بىلەن ئىشلىگەن قېرىنداشلىرىمدىن يۈز بەلكى مىڭ ھەسسە ئارتۇق ياردەمچىلىرىم بولسىمۇ مېنىڭ بۇ يەردە يالغۇز ۋە يېرىم ساۋاتسىز ھالدا، ئىنساپسىز خادىملارنىڭ نازارىتى ۋە سىقىشى ئاستىدا يەتتە ـ سەككىز يىل سىزلەر بىلەن قىلغان خىزمەتلىرىم كونا خىزمىتىمدىن يۈز دەرىجە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . بۇ نەتىجىلەرنىڭ سىزلەردىكى ئىخلاستىن كەلگەنلىكىگە ھېچ شۈبھەم يوق.

ھەمدە شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى ـ سەممى ئىخلاسىڭىز بىلەن شان ـ شەرەپ پەردىسى ئاستىدا نەپسىمنى ئىگەللىگەن رىيادىن مېنى قۇتۇلدۇردىڭىز، ئىنشائاللاھ ئىخلاسقا تولۇق مۇۋەپپەق بولسىز، مېنى ھەم ئىخلاس ئىچىگە ئېلىپ كىرىسىز.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ بۇ ئىخلاسىڭىزنىڭ سىرى بىلەن بىزگە ئىلتىپات قىلدىغانلىقنى بىلىسىز، ئۇلار سىزگە مەنەن تەسەللى بېرىپ خىزمىتىڭىزنى مەنەن ئالقىشلايدۇ. ھىچ شۈبھە قىلماڭكى ـ بۇ ئىلتىپاتلار ئىخلاسقا بىنائەن كېلىدۇ، ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ ئىخلاسنى سۇندۇرسىڭىز ئۇلارنىڭ تەستىكىنى يەيسىز، ئۇنىنچى ئىشارەتتىكى شەپقەت تەستەكلىرىنى ئېسىڭىزگە ئېلىڭ.

مانا ئۇلاردەك مەنىۋى قەھرىمانلارنى ئارقا تېرەك قىلىپ، ئۇستاز تۇتۇشنى خالىسىڭىز

وَيُؤْثِرُونَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ

دىگەن ئايەتنىڭ سىرى بىلەن ئىخلاسنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈڭ، شان ـ شەرەپ، يۈز ـ ئابروي ھەتتا ماددى مەنپەئەت كەبى نەپسنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىدە قېرىنداشىڭىزنىڭ نەپسىنى ئۆز

نەپسڭىزدىن ئۈستۈن كۆرۈڭ.

ھەتتا ئەڭ چىرايلىق ، ئەڭ گۈزەل ئىمان ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىشكە مۇھتاج بولغان بىر مۆھمىنگە بۇنى چۈشەندۇرۇش ئەڭ ياخشى ، ئەڭ پايدىلىق خىزمەتتۇر . مۇمكىن بولسا نەپسىڭىزگە بىرەر غەمكىنلىكنىڭ كەلمەسلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆرمەيدىغان دوستىڭىز بولسا ھەم ئۇنىڭ بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشى سىزنى سۆيۈندۇرسۇن. ئەگەر ؛ مەن ساۋاپ ئالاي ، بۇ گۈزەل مەسلىنى مەن سۆزلەي ؛ دىگەن ئارزۇيىڭىز بولسا بۇنىڭدا ھېچ بىر زەرەر يوق ، پەقەت سىزدىكى ئىخلاس سىرىغا زەرەر كىلىشى مۇمكىن.

تۆرتىنچى دەستۇرىڭىز :

قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شەخسىيتىڭىزدە ، پەزىلەتلىرىنى ئۆزىڭىزدە تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۇلارنىڭ شان - شەرەپلىرىگە پەخىرلىنىڭ .

سوپىلارنىڭ ئىبتىقاتىدا ؛ شەيخ ئۈچۈن پانى بولۇش

، پەيغەمبەر ئۆچۈن پانى بولۇش » دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بار. مەن سوپى ئەمەس ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دەستۇرىنى بىزنىڭ مەسلىكىمىزدە « قېرىنداشلار ئۆچۈن پانى بولۇش » دېگەن شەكىلدە قوللانساق بۇ بىز ئۆچۈن گۈزەل بىر دەستۇردۇر. قېرىنداشلار ئارىسىدا بۇ « پانى بولۇش » يەنى بىر - بىرى ئۆچۈن پانى بولۇش دېيىلىدۇ. دېمەك ئۆز نەپسى ھېسسىياتىنى ئۇنتۇپ قېرىنداشلىرىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئارتۇقچىلىقى بىلەن پىكىردە بىرگە ياشاش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقەتتە مەسلىكىمىزنىڭ ئاساسى قېرىنداشلىقتۇر، ئاتا بىلەن بالا ، شەيخ بىلەن مۇرىد ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس ، بەلكى ھەقىقى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدۇر.

مەسلىكىمىز « دوستلۇق » بولغانلىقى ئۈچۈن خارەكتېرىمىز ھەم « دوست بولۇش » تۇر. دوست بولۇش دېمەك ئەڭ يېقىن ، پىداكار دوست بولۇش ۋە ئەڭ ياخشى قەدىردان يولداش بولۇش ، مەردانە قېرىنداش بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ دوستلۇقنىڭ

ئاساسى سەممى ئىخلاستۇر. ئىخلاسنى يوقاتقان ئادەم بۇ دوستلۇقنىڭ ئەڭ ئىگىز مۇنارىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدۇر، يەنىمۇ چوڭقۇر ئازگاللغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار، ئارىلىقتا تۇتۇۋالغىدەك نەرسە تاپالمايدۇ.

شۇنداق، ئۇنىڭغا يول ئىككى كۆرىنىدۇ، بۈيۈك قۇرئان يولى بولغان بۇ مەسلىكىمىزنىڭ ھازىر ئايرىلغانلارنىڭ بىزگە دۈشمەن بولغان دىنسىز كۈچلەرگە بىلمەسلىكتىن ياردەم قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار، ئىنشائاللاھ بۈيۈك دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» يېتەكچىلىكىدە «رىسالەئى نۇر» يولى بىلەن قەدەم باسقان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئىمان ۋە ئىخلاسنى ئاساس قىلىدۇ ۋە ئۇنداق ئازگاللارغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

ئى «قۇرئان كەرىم» خىزمىتىدىكى خىزمەتداشلىرىم! ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۆلۈمنى ئەسلەشتۇر.

شۇنداق ، ئىخلاسنى زېدىلەيدىغان ۋە رىياخورلۇقنى ، دۇنياپەرەسلىككە ئېلىپ بارىدىغان نەرسە « تۈگىمەس ئارزۇلارنى قىلىش » بولغانىدەك ، رىيادىن نەپرەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەپ بولىدىغان نەرسە « ئۆلۈمنى ئەسلەش » تۇر. يەنى — ئۆلۈمنى ئويلاپ ، دۇنيانىڭ پانى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، نەپسىنىڭ ۋەسۋەسلىرىدىن قۇتۇلۇشتۇر.

شۇنداق ، ھەقىقەت ئەھلى « قۇرئان كەرىم » نىڭ « ھەر قانداق جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ ». «ئى مۇھەممەد سەن ئۆلىسەن ، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ » دېگەن ئايەتلەردىن ئالغان ساۋاق بىلەن « ئۆلۈمگە ئالاقىدار مەسىلىلەر » نى يورۇش - تۇرۇشقا ئاساس قىلغاندۇر ۋە تۈگىمەس ئارزۇلارنىڭ مەنبىيى بولغان ئەبەدىيلىك خام خىيالىنى ئۇ ئاساس ئارقىلىق يوقاتقاندۇر. ئۇلار خىيالى بىر سۈرەتتە ئۆزلىرىنى ئۆلگەن تەسەۋۋۇر قىلىپ يۇيۇلغان ، قەبرىگە قويۇلغان پەرەز قىلىپ ئويلا - ئويلا نەپسى ئۇ تەسەۋۋۇردىن

تەسىرلىنىپ تۇگىمەس ئارزۇلىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچىدۇ. ئۇ ئاساسنىڭ پايدىسى كۆپتۇر، ھەدىس شەرىپتە مۇنداق كەپتۇ: «لەززەتلەرنى كەتكۈزگۈچى ئۆلۈمنى كۆپ ئويلاڭلار» مانا بۇ ھەدىس شەرىپ بىزگە يۇقۇرىدىكى ئاساس ھەققىدە دەرس بېرىدۇ.

يولىمىز تەرىقەت يولى بولماستىن ھەقىقەت يولى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاساسنى تەرىقەت ئەھلى كەبى پەرەز ۋە خىيال سۈرىتىدە قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر ئەمەسمىز، بۇ ھەقىقەت يولىغا ھەم ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىزنىڭ يولىمىز ئاقىۋەتنى ئويلاش ئارقىلىق كېلەچەكنى ھازىردا تەسەۋۋۇر قىلىش ئەمەس بەلكى ھەقىقەت نۇقتى نەزىرىدىن قاراپ پىكىر جەھەتتە ھازىردىن كېلەچەككە قاراپ كېتىشنى تاسەۋۋۇر قىلىش ۋە پەرەز قىلىشتۇر.

شۇنداق، خىيال ۋە پەرەزنىڭ ھېچ لازىمى يوق. ئىنسان بۇ قىسقا ئۆمۈر دەرىخىنىڭ بېشىدىكى يالغۇز مېۋىسى بولغان ئۆز جىنازىسىنى كۆرەلەيدۇ، ئۇ ئارقىلىق يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆلۈمنى كۆرگىنى كەبى بىر

ئاز نېرىراقتا بارسا ئۆز ئەسىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرەلەيدۇ. يەنە بىر ئاز نېرىراقتا بارسا دۇنيانىڭ ئۆلۈمىنى ھەم كۆرەلەيدۇ . بۇ ئىخلاسقا تولۇق يول ئاچىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەپ، ئىنسان ھەقىقى ئىمانىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ياراتقۇچىسىنى تونۇش نەتىجىسىنى بەرگەن كائىناتنى تەپەككۇر قىلىش ئىمانىدىن كەلگەن چاقماق نۇرى ئارقىلىق بىر خىل ھوزۇر ھىس قىلىپ، ياراتقۇچىنىڭ ھازىر ۋە نازىر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ئىلتىپاتىنى ئىزدىمەستىن، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا باشقىلارغا تەلمۈرۈش ۋە مەدەت تىلەشنىڭ ئۇ سورۇننىڭ ئەدەپ - قائىدىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئويلاش ئارقىلىق رىيادىن قۇتۇلۇپ ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھەر نىمە بولسا بۇنىڭدا كۆپ دەرىجە ۋە مەرتىۋە بار، ھەر كىم ئۆز نەسىۋىسىگە قاراپ پايدىلىنالىسا ئۇنىڭ ئۆزى غەنىمەتتۇر. « رىسالەئى نۇر كۇللىياتى » دا رىيادىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىخلاسنى قولغا

كەلتۈرگۈزىدىغان كۆپ ھەقىقەتلەر بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئۈنىڭغا ھاۋالە قىلىپ بۇ يەردە توختىتىمىز.

تۆۋەندە ئىخلاسنى يوقىتىپ، رىياخورلۇققا ئېلىپ بارىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەردىن ئىككى - ئۈچىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

بىرىنچىسى: ماددى مەنپەئەت يۈزىدىن كەلگەن رىقابەت ئاستا - ئاستا ئىخلاسنى يوقىتىدۇ، خىزمەت نەتىجىسىنى زىيىنلەيدۇ، ھەمدە ئۇ ماددى مەنپەئەتنى ھەم قاچۇرۇپ قويىدۇ.

ھەقىقەت ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلىگەنلەرگە قارىتا بۇ مىللەت دائىم بىر خىل ھۆرمەت قىلىش ۋە ياردەملىشىش پىكرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقى ئىخلاس ۋە سادىق خىزمەتلىرىگە بىر جەھەتتىن ئىشتىراك قىلىش نىيتى بىلەن، ئۇلارنى ماددى ئېھتىياجلىرىنى قامداش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ ۋاقىتلىرىنى زايا قىلىۋەتمەسۇن

دەپ ، ئۇلارغا سەدىقە ۋە ھەدىيە كەبى ماددى مەنپەئەتلەر بىلەن ياردەم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە . لېكىن بۇ ياردەم ۋە مەنپەئەتلەر تەلەپ قىلىنمايدۇ ، بەلكى ئۆزلىگىدىن بېرىلىدۇ ، دىلىدا ھەم ئارزۇ قىلىنمايدۇ ، تىلى بىلەنمۇ ئەسلا سورالمايدۇ ، بەلكى كۈتمىگەن جايدىن بېرىلىدۇ . ئۇنداق بولمايدىكەن ئىخلاسنى زېدىلەيدۇ ، ھەمدە « مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا ساتماڭلار » دېگەن ئايەتنىڭ چەكلىمىسىگە خىلاپ كېلىدۇ ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلىق بولىدۇ .

بۇ ماددى مەنپەئەتنى ئارزۇ قىلىپ ئۇنىڭ كويىدا قېلىش ، كىشىنى يامان نەپسىنىڭ ئارقىغا كىرىپ ئۇ مەنپەئەتنى باشقىلارغا كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەققى قېرىندىشىغا ۋە خىزمەتدىشىغا قارشى بىر خىل رىقابەت تومۇرىنى ھەركەتكە سېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ، ئىخلاسنى زېدىلەيدۇ ، خىزمىتىگە بولغان ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ ، ھەققەتچىلەرنىڭ نەزىرىدىن

چۈشىدۇ، ھەمدە ماددى مەنپەئەتنى ھەم قاچۇرىدۇ. ھەر ھالدا بۇ ئۆزۈن مەسلە. مەن قىسقا قىلىپ ھەققى قېرىنداشلار ئارا ئىخلاسنى ۋە سەممى ئىتتىپاقلىقنى كۆچەيتىدىغان ئىككى مىسال سۆزلەي:

بىرىنچىسى – دۇنيا ئەھلى زور بايلىق ۋە شىددەتلىك قۇۋۋەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل سياسەتلەرنى ۋە ئىجتىمائى ھاياتتىكى موھىم ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، «مال شىرىكچىلىگى دەستۇرى» نى ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلغان. شۇڭا ئۇلار بۇنى سۇئىستىمال قىلىپ زىيان تارتقان بولسىمۇ ئاخىرى قۇۋۋەت ۋە مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى زىيان تارتىش بىلەن شىرىكچىلىكنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى شىرىك بولغانلارنىڭ ھەر بىرى گەرچە ئۇ مالنىڭ ھەممىسىدىن مەنپەئەت ئالالمىسىمۇ ئۇ مالغا نازارەت قىلىشتا ئۆزلىرىنى ئوخشاش مالىك ھېساپلايدۇ. ھەر ھالدا بۇ «مال شىرىكچىلىگى دەستۇرى» ئاخىرەتلىك خىزمەتلەرگە

ھەم تەدبىقلەنسە ئەلۋەتتە ئۇ زىيانسىز ھالدا كاتتا مەنپەئەتكە مادار بولىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ماللار شىرىك بولغان ھەر بىر شەخسنىڭ قولىغا تامامەن ئۆتۈشىنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چۈنكى تۆرت - بەش ئادەم شىرىكچىلىك نىيىتى بىلەن بىرى كىرىسىن، يەنە بىرى يىلىك، يەنە بىرى لامپا، يەنە بىرى پەنەر، يەنە بىرى گۈگۈرت ئېلىپ كېلىپ بىر چىراقنى ياندۇرسا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تولۇق بىر چىراققا ئىگە بولغاندەك بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىر تامدا بىردىن يوغان ئەينىگى بولسا ئۇ چىراق بىلەن بىللە ئۆينىڭ ھەممىسى ئۇ ئەينەك ئىچىگە كىرىدۇ.

ئەينەن شۇنىڭدەك ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ئىخلاس ۋە قېرىنداشلىق سىرى بىلەن شىرىكچىلىك قىلىنىپ بىر بىرىگە ھەمكارلىشلسا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئومۇمى ساۋاپ ۋە ئەجىرنىڭ ھەممىسى ھەر بىرىنىڭ نامى - ئەمەل دەپتىرىگە تولۇق يېزىلىدىغانلىقى ئەھلى ھەق

ئارىسا شاھىد بولۇنغان ئىشتۇر. ھەممە ئاللاھتەئالانىڭ رەھمىتى ۋە كەرەممۇ شۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۇنداقكەن، ئى قېرىنداشلىرىم! ماددى مەنپەئەت سىلەرنى رىقابەتلىشىشكە ئېلىپ بارمايدۇ، لېكىن ئاخىرەت مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر قىسىم تەرىقەت ئەھلى ئالدىنىپ قالغاندەك سىلەرنىڭ ھەم ئالدىنىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. سىز پەقەت جۇزئى بىر ساۋاپنىڭ قانچىلىكلىگىنى ۋە مەزكۇر مىسالدىكى شىرىكچىلىك نۇقتىنەزىرىدە كۆرۈنگەن ساۋاپنىڭ قانچىلىكلىگىنى بىلۋېلىڭ.

ئىككىنچى مىسال - سەنئەت ئەھلى سەنئەت نەتىجىسىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سەنئەت شىرىكچىلىگى، جەھەتتە موھىم ئاساسنى چىڭ تۇتىدۇ، ھەتتا يىڭنە ياسايدىغان ئون ئادەم ئايرىم - ئايرىم ئىشقا كىرىشىپتۇ ۋە ھەر بىرى كۈنىگە ئۈچ داندىن يىڭنە ياساپتۇ. كېيىن ئۇلار، ئىش بىرلىگى، دەستۇرى بويىچە بىرلىشىپ ئىشقا چۈشۈپتۇ ۋە بىرى

تۆمۈر ئېلىپ كەپتۇ ، يەنە بىرى ئوچاقتا ئوت يېقىپتۇ ، يەنە بىرى يىڭنىگە تۆشۈك ئېچىپتۇ ، يەنە بىرى ئۈچ چىقىرىپتۇ ... شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يىڭنە ياساشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا ئىشلەپ ۋاقىتنى زايا قىلماستىن ئۆزىگە دائىر ئىشتا پۇختا ھالدا ئىشلەپتۇ. كېيىن بۇ خىل ئىش بىرلىكى ۋە ئىش تەخسىماتىنىڭ نەتىجىسىدە ھەر بىر ئادەمنىڭ كۈنىگە ئۈچ يىڭنە ياساش ئورنىغا ئۈچ يۈز يىڭنە ياسىغانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. كېيىن بۇ ھادىسە دۇنيا سەنئەتكارلىرى ئارىسىدا ئىش بىرلىكى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ تىللاردا داستان بولۇپتۇ.

ئۇنداق بولغانىكەن ئى قېرىنداشلىرىم ! دۇنيا ئىشلىرىدىكى ماددى كەسپلەردە بۇنداق بىرلىك ئىتتىپاقلىق بىلەن بۇ قەدەر زور نەتىجىلەر قازىنىلغان بولسا ، ئاخىرەتلىك بۈيۈك خىزمەتلەردە بىرلىششىنىڭ ، ئىتتىپاقلىششىنىڭ قانچىلىك نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ ، ئاللاھ پەزلى - كەرەمى بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ ئەينىكىدە نۇر ئەكس

ئىتىدىغانلىقىنى ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆمۈمىنىڭ قولغا
كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرىدىغانلىقىنى ، بۇنىڭدا نەقەدەر كۆپ پايدا
بارلىقىنى قىياس قىلىپ بېقىڭ. بۇ كاتتا پايدىنى
رىقابەتلىشىش ۋە ئىخلاسسىزلىق قىلىش بىلەن قولدىن
كەتكۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ .

ئىخلاسنى يوقىتىدىغان ئىككىنچى ئىش :
ئابرويپەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان مەنمەنچىلىك بىلەن
شان ـ شەرەپ پەردىسى ئاستىدا ئاممىنىڭ ئىھتىرامىنى
قازىنىش ، ئۇلارنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىش بىلەن مەنمەنچىلىكنى ئاشۇرۇش ۋە يامانلىققا
بۇيرۇيدىغان نەپسىگە ئورۇن بېرىشتۇر. ئۇ ئەڭ يامان
روھى كېسەل بولۇش بىلەن بىرگە « شىرىك خەپى »
يەنى يوشۇرۇن شىرىك كەلتۈرۈش دەپ تەبىر
بېرىلگەن رىياخورلۇققا ئىشىك ئاچىدۇ، ئىخلاسنى
نابۇت قىلىدۇ .

ئى قېرىنداشلىرىم ! « قۇرئانى كەرىم » خىزمىتىدىكى

يولىمىز ھەقىقەت يولى ، قېرىنداشلىرىمىز ھەقىقى قېرىنداشلىقنىڭ سىرى بولغان شەخسىيەتنى قېرىنداشلار ئۈچۈن پىدا قىلىش ، (2) ئۆلارنىڭ نەپسىنى ئۆز نەپسىدىن ئەۋزەل كۆرۈش بولغانلىقىدىن ئارىمىزدا ئابرويپەرەسلىكتىن كەلگەن رىقابەت تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى لازىم . چۈنكى بۇ قىلمىشلار بىزنىڭ يولىمىزغا پۈتۈنلەي قارىمۇ - قارشىدۇر . قېرىنداشلارنىڭ شان - شەرىپى ئومۇمى كۆز قاراش بىلەن ھەر بىر شەخسكە ئائىت بولۇشى مۇمكىن . بۇ بۈيۈك ئومۇمى شان - شەرەپنى كىچىك بىر پارچە شان - شەرەپكە پىدا قىلىشنىڭ رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىدىن يۈز دەرىجە ئۇزاق بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن .

(2) — شۇنداق ، بەختلىك كىشى شۇكى ، قۇرئان كەۋسەرىدىن سۇزۇلگەن تاتلىق سۇلۇق ، بۈيۈك بىر كۆلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇز پارچىسى شەكلىدىكى شەخسىيەتنى ۋە مەنمەنچىلىكنى ئۇ كۆل ئىچىگە تاشلاپ ئېرىتىۋەتكەن كىشىدۇر .

شۇنداق ، رىسالەئى نۇر شاگىرتلىرىنىڭ ئەقلى ، روھى بۇنداق پەسكەش ، زەرەرلىك ۋە رەزىل ئادەتلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. لېكىن ھەر كىشىدە ياماللىقا بۇيرۇيدىغان نەپسى تېپىلىدۇ، بەزىدە نەپسى ھىسسيات تومۇرلارغا ئىلىشۇالىدۇ، ئەقىل ۋە روھقا بويسۇنماي ئىشلەۋېرىدۇ. مەن سىزلەرنىڭ قەلب ۋە ئەقلىڭىزگە تۆھمەت قىلمايمەن . رىسالەئى نۇرنىڭ بەرگەن تەسىرىگە بىنائەن سىزلەرگە ئىشەنچ قىلىمەن. لېكىن بەزىدە نەپس ، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە ۋەھىمە ئادەمنى ئالداپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق سەگەك بولۇڭ، بۇ نەپسى ـ ھەۋا ۋە ۋەھىمە قاراپ تۇرىدۇ. ئېھتىيات بىلەن ھەركەت قىلىڭ .

ئەگەر يولىمىز شەيخلىق بولسا ئىدى ، ماقام بىر بولاتتى ياكى چەكلىك ماقاملار تېپىلاتتى. ئۇ ماقامغا ھەر خىل ئىستىداتلار نامزات بولاتتى. بۇ يەردە ھەسەتخورلارچە شەخسىيەتچىلىك بولۇشى مۇمكىن ئىدى . لېكىن بىزنىڭ يولىمىز قېرىنداشلىق يولىدۇر .

قىرىنداش قىرىنداشقا دادا بولالمايدۇ ، ئىگدارچىلىك قىلىش هوقۇقىنى ئالالمايدۇ، قىرىنداشلىقتىكى مەقام كەڭدۇر، هەسەتخورلارچە تالاش - تارتىش قىلىشقا سەۋەپ بولالمايدۇ. بولالىسا قىرىنداش قىرىنداشقا ياردەمچى بولالايدۇ، خىزمىتىنى تولۇقلايدۇ. دادىلارچە ، ئۇستازلارچە ، مەسلەكداشلىرىغا هەسەتخورلارچە ساۋاپقا هىرىس بولۇش ۋە ئالىي هىممەت جەهەتى بىلەن ناهايىتى زەرەرلىك ۋە خەتەرلىك نەتىجىلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىغانلىقىغا دەلىل شۇكى - تەرىقەت ئەهلىنىڭ ئۇ قەدەر موهىم ئەزىم كارامەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ ۋە رىقابەتنىڭ بەرگەن نەتىجىلىرىدۇركى ، ئۇلارنىڭ ئۇ ئەزىم ، مۇقەددەس قۇۋۋەتلىرى بىدئەت شامالىرىغا قارشى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى توسقۇن : قورقۇنچاقلىق ۋە تاماخورلۇقتۇر. بۇ توسقۇن باشقا بىر قىسىم توسقۇنلار

بلەن بىرلىكتە «ئالتە ھۇجۇم» دېگەن باپتا تولۇق بايان قىلىنغانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ، جانابى ھەقنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى شاپائەتچى قىلىپ ئىلتىجا قىلىمىزكى ئۇ زات بىزلەرنى تولۇق ئىخلاسقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئامىن.

اَللّٰهُمَّ بِحَقِّ سُورَةِ الْاِخْلَاصِ اِجْعَلْنَا مِنْ عِبَادِكَ
الْمُخْلِصِينَ الْمُخْلَصِينَ اٰمِينَ اٰمِينَ

سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا اِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ

* * *

# بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزغا يېزىلغان

## خۇسۇسى مەكتۇپ

قەلەم تەۋرىتىشتە زىركىشلىك ھەمدە ئىبادەت ئايلىرى بولغان ئۈچ ئايدا باشقا زىكرى ــ تەسبىھلەرنى بەش جەھەتتىن ئىبادەت (1) ھېساپلانغان رىسالەئى نۇر يازمىسىدىن كۈچلۈك دەپ قارىغان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىككى ھەدىس شەرىپنىڭ پايدىسىنى سۆزلەيمەن:

ئىزاھات : بۇ قىممەتلىك مەكتۇپتا ئۇستازىمىز ئىشارەت قىلغان بەش خىل ئىبادەتنىڭ ئىزاھاتىنى بىز ئۆزىدىن سورىدۇق . ئۇنىڭدىن ئالغان ئىزاھىمىز تۆۋەندىكىچە :

1 ـ ئەڭ موھىم جىھاد بولغان ئەھلى زالالەتكە قارشى مەنىۋى جىھاد قىلىش .

2 ـ ھەقىقەت تارقىتىش جەھەتتە ياردەملىشىش ئۈچۈن

ئۇستازىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش .

3 ـ مۇسۇلمانلارغا ئىمان جەھەتتىن خىزمەت قىلىش.

4 ـ قەلەم ئارقىلىق ئىلىم تەھسىل قىلىش .

5 ـ بەزىدە بىر سائەتتە بىر يىللىق ئىبادەتتىن ئارتۇق بولغان تەپەككۇر ئىبادىتىنى قىلىش .

بىرىنچىسى

((يوزن مداد العلماء بدماء الشهداء))

يەنى ـ قىيامەت كۈنى ئۆلىمالارنىڭ ئەمەللىرى شەھىدلەرنىڭ قانلىرى بىلەن باراۋەر مىزانغا قويىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىممىتىدە بولىدۇ .

ئىككىنچىسى

((من تمسك بسنتي عند فساد أمتي فله أجر مائة شهيد))

يەنى ــ بىدئەتلەر ۋە زالالەتلەر ئەۋج ئالغان زامانلاردا مېنىڭ سۈننىتىمگە چىڭ يېپىشقان ئادەمگە يۈز شېھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

ئى ھورۇنلۇق قىلىپ يېزىشتىن زېرىككەن ۋە سوپى بولۇۋېلىپ تەسۋىگە ئاشىق بولغان قېرىنداشلىرىم! بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى ــ بۇنداق بىر زاماندا ئىمان ھەقىقەتلىرىگە، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ۋە ئالىي سۈننەتكە خىزمەت قىلغان مۇبارەك، خالىس قەلەملەردىن ئاققان سىيا، نۇر ۋە ئابى ھايات ھۆكمىدە بولغان شەھىدلەرنىڭ تۆكۈلگەن قېنى ھۆكمىدە مەھشەر كۈنى سىزگە مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولسا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭ.

ئەگەر «ھەدىستە ‹‹ئۆلىمالار›› دىگەن تەبىر بار، بىزنىڭ بىر قىسمىمىز پەقەتلا يازغۇچى» دىسىڭىز.

ئۇنىڭ جاۋابى: بۇ رىسالىلەرنى ۋە دەرسلەرنى

چۈشىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ بىر يىل ئۇقۇغان كىشى بۇ
زامانىنىڭ ھەقىقىي ئالىمى بولالايدۇ، ئەگەر
چۈشەنمىگەن بولسىمۇ رىسالەئى نۇرنىڭ بىر مەنىۋى
شەخسىيىتى بار بولغاچقا ئۇ مەنىۋى شەخس شەكسىز
بۇ زامانىنىڭ ئالىمىدۇر. سىزنىڭ قەلەملىرىڭىز بولسا ئۇ
مەنىۋى شەخسنىڭ بارماقلىرىدۇر. ئۆزىنىڭ
نۇقتىنەزىرىدە لاياقەتسىز بولغان بولسىمۇ ياخشى
كۆڭلىڭىزگە بىنائەن بۇ پەقىرغا ئۇستازلىق ۋە تابىلىق
نۇقتىسىدا بىر ئالىملىق ۋەزىيىتىنى بەرگەنلىگىڭىزدىن
ئۇنىڭغا باغلىنىپسىز. مېنىڭ ساۋادىم چالا ۋە قەلىمىم
سەت بولغانلىغى ئۈچۈن سىزنىڭ قەلىمىڭىز مېنىڭ
قەلىمىم ھېساپلىنىدۇ. سىز ھەدىستە كۆرسىتىلگەن
ئەجرىنى ئالىسىز.

سەئىد نۇرسى

كىتاپخانىلار سەمىگە :

ئىلىم خەزىنىسى بولغان «رىسالەئى نۇر» تىلىنىڭ تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىشى بىر ئاز قىيىن بولىشى تۈپەيلىدىن ، بۇ «ئىخلاس رىسالىسى» نىڭ تەرجىمىسىدە خاتالىقلارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى (تولىمۇ ئەپسۇس) كېيىنرەك بىلىپ قالدۇق. ئەمما ئېتراپ قىلىش كېرەككى، بۇ تەرجىمىدىكى بەزى مۇجمەل ئىپادىلەر ياكى كەمچىلىكلەر قەتئىيەن «رىسالەئى نۇر» نىڭ ئەمەس، بەلكى تەرجىمانىنىڭ سەۋەنلىگىدۇر.

بىز بۇ رىسالىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ خەلققە يېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى «خاتا ـ توغرا جەدۋىلى» نى تۈزدۇق. ئاۋال قولىڭىزدىكى كىتاپنىڭ خاتا يەرلىرىنى جەدۋەلگە قاراپ تۈزىتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئوقۇشىڭىزنى ، ھەققى ئىلىم ھەۋەسكارى بولسىڭىز، ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇپ پايدىلىنىشقا تىرىششىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.



رىسالەئى نۇر كۇللىياتىدىن

# ئىخلاس رىسالەلىرى

مۇئەللىپى

بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى

ئى قېرىنداشلىرىم ! موھىم ۋە بۈيۈك بىر ياخشى

ئىشنىڭ ئۇرغۇنلىغان تۇسالغۇلىرى بولىدۇ، شەيتانلار

بۇ خىزمەتنىڭ خادىملىرىغا بەك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. بۇ

تۇسالغۇلارغا ۋە شەيتانلارغا قارشى ئىخلاس

قۇۋۋىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ

ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئازغىنە ئەمەلنىڭ ئىخلاسسىز

قىلىنغان پاتمانلارچە ئەمەلدىن ياخشى ئىكەنلىگىنى

بىلىش لازىم .